ABDULCELİL TURAN
Yenidoğan Mh. 41 Sk. No.7/4
Zeytinburnu - İSTANBUL

ئابدۇلجېلىل تۇران كۇتۇپخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
Abdulcelil Turan Kütüphanesi
www.uyghurweb.net

# مۇندەرىجە


## ئالاھىدە ماقالە

تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتىنى ئېخمۇ گۈللەندۈرەيلى ........
.................................. مۇھەممەت رەجەپ(1)
تۇنجى نەشرگە بېغىشلىما.................. ئابلا .قاسىم(4)

## ئارخېئولوگىيە ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى

تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئىككى پارچە ھۆججەت
.................................. ئىسراپىل يۈسۈپ(6)
غوجامبۇلاق قەدىمكى قورغان خارابىسى ۋە بەشغار مىڭ ئۆيىنى
قىسقىچە تونۇشتۇرۇش .................. ئابلىم قېيۇم(19)

## تارىخىي ماتېرىياللار تەتقىقاتى

«لياۋ سۇلالىسى تارىخى» دىكى بىر پارچە تېكىست ۋە قوچۇ
ئۇيغۇر ئېلىنىڭ قارا قىتانلارغا بەيئەت قىلىشىدىكى سەۋەب
.................................. يۇنۇسجان ئېلى(24)
شەرققە كۆچۈپ كۇاجۇ ئايمىقىغا ماكانلاشقان ئۇيغۇر پۇقرالىرى
ھەققىدە نەق مەيداندا ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈش خاتىرىسى
.................................. شى شاڭجۇڭ(33)

## دۇنخۇاڭ ـ تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى

دۇنخۇاڭ ـ تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتىدا ئېتىبار بېرىشكە تېگىشلىك
بىر قانچە مەسىلە ............. ئابدۇبەسىر شۈكۈرى(48)
ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلى ھەققىدە ... غالىپ بارات ئەرك(54)
تۇرپان كارىزلىرى توغرىسىدا ............ نىياز كېرىمى(59)
مانى دىنىنىڭ قوچۇ ئۇيغۇرلىرى رايونىغا تارقىلىشى توغرىسىدا
مۇلاھىزە ..........................................
.................................. چىمەنگۈل نەجمىدىن(76)

## مەدەنىي ـ مائارىپ تەتقىقاتى

قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ مائارىپ مەدەنىيىتى ھەققىدە .........
.................................. غەيرەتجان ئوسمان(83)
ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلى دەۋرىدىكى شېئىرلارنىڭ بەدىئىي ئالاھىدى-
لىكى توغرىسىدا ............ شىرئەلى يۈسۈپ(90)

## يەر نامى تەتقىقاتى

بەگلەر ۋە بەگ مەھەللىسى ...................... (101)

## تۇرپانشۇناسلىق چەت ئەللەردە

ئەنگلىيىدە ساقلىنىۋاتقان ۋە تەتقىق قىلىنغان ئۇيغۇر يازما يادى-
كارلىقلىرى ھەققىدە قىسقىچە بايان ....................
...... ئەخمەت سەيدۇللا، ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق(107)



**تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى**

2000 ـ يىل تۇنجى سان

**ژۇرنال مەسلىھەتچىلىرى:**
ئابلا قاسىم، ئابدۇقېيۇم خوجا،
ھېمىت نىياز، ۋەلى

**ژۇرنال تەھرىر ھەيئەتلىرىنىڭ ئىسىملىكى**

تەھرىر ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى:
**ئابلا قاسىم**

تەھرىر ھەيئىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: **ئابلىم قېيۇم، ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق**

تەھرىر ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى
**ئابلىم قېيۇم، ئىسراپىل يۈسۈپ، ئىدرىس ئابدۇرۇسۇل، ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق، ھەبىبۇللا خوجالەمجىنى، ئەنۋەر مۇھەممەت زۇلپىيە مۇھەممەت، ئابدۇگۈل ئابلىمىت،ئۆمەرجان قادىر.**

باش مۇھەررىر: **ئابلىم قېيۇم**

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق**

مۇھەررىرلەر: ئەنۋەر مۇھەممەت، ئابدۇگۈل ئابلىمىت، زۇلپىيە مۇھەممەت،ئۆمەرجان قادىر.

بۇ ساننىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى:
**ئابلىم قېيۇم**

ئىجرائىي تەھرىرى:
**ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق**

ئۇيغۇرشۇناسلىق تۇرپان تەتقىقاتى

# 目录

《吐鲁番学研究》

(2000年创刊)

顾问

**阿不拉·卡斯木，**
**阿不都克尤木·和卓，**
**哈米提·尼亚孜，**
**魏力。**

主编

**阿不利木·克尤木**

副主编

**艾尔肯·伊明尼亚孜**

责任编辑

**阿不利木·克尤木**

执行编辑

**艾尔肯·伊明尼亚孜**


**·特稿·**

繁荣吐鲁番学研究 ……………… 买买提·热介甫

创刊贺词 ………………………… 阿不拉·卡斯木

**·考古与文物·**

吐鲁番发现的两件回鹘文文书 …………………… ……………………………… 伊斯拉菲尔·玉苏甫

乌江布拉克遗址和伯希哈尔千佛洞简介 ………… 阿不利木·克尤木

**·读史杂记·**

《辽史》上的一件文献与《高昌回鹘汗国向契丹拜供的 ………………………………… 尤努斯江·艾力

东迁瓜州维吾尔居民现场调查记 ………………

**·敦煌吐鲁番学研究·**

敦煌吐番学研究的要点 ………………………… …………………………… 阿不都百斯尔·许库尔

论高昌回鹘国 ………………… 阿里甫·艾尔克

论述吐鲁番的坎尔井 ………… 尼亚孜·克力木

磨尼教在高昌回鹘的传播考 …………………… ……………………………… 奇曼古务·乃吉木丁

**·文化研究·**

论高昌回鹘的教育与文化 ……………………… ……………………………… 海来提江·吾斯曼

论高昌回鹘国时期诗歌文学的特点 …………… ……………………………… 希尔艾力·玉苏甫

**·地名研究·**

伯克与伯克村 ………………… 哈米提·尼亚孜

**·国外的吐鲁番学·**

英国收藏和研究的维吾尔文文献简述 …………… ……………… 艾合买·才都拉，艾尔肯·库吐鲁克

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ژۇرنالنىڭ تارقىتىلىشى ھەققىدە

شىنجاڭ تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» ژۇرنىلى ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە قوللىشى ئارقىسىدا ئاخىرى جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشتى. تۇرپان قەدىمدىن تارتىپ يىپەك يولى تۈگۈنىگە جايلاشقان رايون بولۇپ، ئۇزۇن تارىخقا ۋە پارلاق مەدەنىيەتكە ئىگە. ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، بۇنىڭدىن 15 ـ 10 مىڭ يىللار ئىلگىرى ئىنسانلار بۇ يەردە ياشاپ ئاۋۇپ كەلگەن. بۇ يەردە ياشىغان ھەر مىللەت خەلقى يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان ئىقتىسادىي مەدەنىيەتنى ئورتاق يارىتىپ، شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا غايەت زور تۆھپىلەرنى قوشتى. ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان قەدىمكى شەھەر خارابىلىرى، تاش غار مىڭ ئۆي تام رەسىملىرى ھەمدە يەر ئاستىدىن تېپىلغان زور مىقداردىكى ھۆججەتلەر، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بۇنىڭ ئەڭ ياخشى دەلىلى. يېقىنقى بىرقانچە يىل مابەينىدە دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارا بويىچە ئىلىم ساھەسىدە، دۇنخۇاڭ ـ تۇرپانشۇناسلىق قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلۈپ، تۇرپانشۇناسلىق ئىلمى قىزىق پەنلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندى. بۇ ھەقتىكى تەتقىقات بارغانسېرى چوڭقۇرلاپ مەخسۇس ئەسەرلەر، ئىلمىي ماقالىلەر كۆپلەپ ئېلان قىلىنىشتەك قىزغىن كەيپىيات بارلىققا كەلدى. بىراق بۇ پەننىڭ ئانا ماكانى بولغان تۇرپاندا تا ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ مەخسۇس تەتقىقات نەشر ئەپكارىنىڭ بولماسلىقى ھەققەتەن ئەپسۇسلىنارلىق ئىش ئىدى. «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ دۇنياغا كۆز ئېچىشى بۇ تەخىرسىزلىكنى ياكى بوشلۇقنى تولدۇردى. تۇرپانشۇناسلىق بىر ئۇنىۋېرسال پەن. ئۇ ئىجتىمائىي پەننىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، يەنە تەبىئىي پەن مەزمۇنىدىكى تۈرلۈك ساھەلەرنىمۇ ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلغان. تۇرپانشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات مەزمۇنى ئىنتايىن مول، بىز دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ بىز بىلەن يېقىندىن ھەمكارلىشىپ، قىممەتلىك، سەمىمىي پىكىرلىرىنى بېرىشىنى، كەڭ جامائەتنىڭ يېڭىدىن ئېچىلغان بۇ ئىلىم باغچىسىنى پەرۋىش قىلىپ، تىزلىەندۇرۇپ، بارغانسېرى جىلۋىلەندۇرۇشىنى چىن قەلبىمىزدىن ئۈمىد قىلىمىز.

«تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» تەھرىراتى
2000 ـ يىل ئاپرېل

# تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتىنى تېخىمۇ گۈللەندۈرەيلى

تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ سابىق ۋالىيسى، تۇرپانشۇناسلىق
ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى
مۇھەممەت رەجەپ

شىنجاڭ تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى نەشر قىلغان «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» ژۇرنىلى تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىدىكى ھەرقايسى ئالىم مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئورتاق تىرىشىشى نەتىجىسىدە، كەڭ ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى. بۇ تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىدىكى ئالىم مۇتەخەسسىسلەر ئۇزۇندىن بۇيان ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتقان بىر چوڭ ئىش. مەن بۇ ژۇرنالنىڭ نەشر قىلىنغانلىقىنى چىن كۆڭلۈمدىن تەبرىكلەيمەن. تۇرپان قەدىمكى زامانلاردا «قوچو ئېلى» دەپ ئاتالغان. شۇنداقلا يىپەك يولىدىكى مۇھىم بازارلاردىن بولۇپ، ئۇزۇن تارىخ ۋە پارلاق مەدەنىيەتكە ئىگە. ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، بۇندىن 15 ـ 10 مىڭ يىللار ئىلگىرى ئىنسانلار بۇ جايدا ياشىغان. تارىختا بۇ جايدا ياشىغان ھەر مىللەت خەلقى يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان ئىقتىساد، مەدەنىيەتنى ئورتاق يارىتىپ، شەرق ۋە غەرب مەدەنىيىتىنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا زور تۆھپىلەرنى قوشقان. ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ كەلگەن قەدىمكى شەھەر خارابىلىرى، تاش غار ئىبادەتخانىلىرى، تام رەسىملىرى سەنئىتى، شۇنداقلا كۆپ ساندىكى قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بۇلارنىڭ ئەڭ ياخشى پاكىتلىرى. تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىنىڭ تەتقىقات دائىرىسى كەڭ، مەزمۇنى مول بولۇپ، مەملىكىتىمىزدىكى مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت ۋەكىلى ھېسابلىنىدۇ. تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي خېلى بالدۇرلا جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك ئالىملار پۈتۈن زېھنىنى سەرپ قىلىپ تەتقىق قىلىدىغان قىزىق پەنگە ئايلانغان ئىدى. يېقىنقى يىللار مابەينىدە، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي تەتقىقاتىنىڭ دائىرىسى كۇنسېرى كېڭىيىپ، چوڭقۇرلاپ، تەتقىقات ماتېرىياللىرى ۋە ماقالىلەر كۆپلەپ ئېلان قىلىنىپ، تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي توغرىسىدا يېزىلغان نۇرغۇن كىتابلار نەشر قىلىندى. ئەمما ۋىلايىتىمىزدە تا ھازىرغا قەدەر تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي تەتقىقاتى توغرىسىدا مەخسۇس ژۇرنال تەسىس قىلىنمىغان ئىدى. بۇ قېتىم «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ دۇنياغا كېلىشى بۇ تەقەززالىقنى قاندۇردى.

www.uyghurkitap.com



«تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» شىنجاڭ تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى تۈزگەن تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي تەتقىقاتى توغرىسىدىكى ئىلمىي ژۇرنال بولۇپ، تۇرپانشۇناشلىق ئىلمىينى ئاساس قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە شىنجاڭنىڭ بىر قىسىم جايلىرىنىڭ تارىخى، ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش، دىن، تىل ـ يېزىق، مىللەت ۋە مىللىي ئۆرۈپ ـ ئادەتلىرىنىمۇ ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتىپى قىلىدۇ. بۇ ژۇرنالنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىككى مەدەنىيەتلىك قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي پەن ـ تەتقىقات ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدا پائال ھەرىكەتلەندۈرگۈچ رول ئوينايدۇ.

«تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» ناملىق بۇ ژۇرنالنىڭ نەشر قىلىنىشى ــ پەقەت تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىدىكى ھەرقايسى كەسىپ ئەھلى، ئالىملارنىڭ يۈرەك قېنىنىڭ مەھسۇلى بولۇپلا قالماستىن، يەنە ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىدىكى يولداشلارنىڭ جاپالىق ئەمگىكى بىلەن، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە قوللىشىنىڭ نەتىجىسى. مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇلارغا چوڭقۇر تەشەككۈرىمنى بىلدۈرىمەن.

نۆۋەتتە، بىز مەركەز ئوتتۇرىغا قويغان غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ۋە غەربىي رايوننى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى كۈتمەكتىمىز. بىز نەشر قىلغان «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» ژۇرنىلىمۇ بۇ جەھەتتىكى ۋەزىيەتكە يېقىندىن ماسلىشىشى، بۇ جەھەتتىكى ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ۋە غەربىي رايوننى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ياخشى تەشۋىقاتچىسى بولۇشى كېرەك.

«تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» ژۇرنىلى ــ پەقەت تۇرپاننىڭ تار دائىرىسىدە چەكلىنىپ قالماسلىقى كېرەك. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى باشقا ۋىلايەت ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ياخشى تەجرىبىلىرىنى، ياخشى ئەنئەنىلىرىنى، ياخشى ئىستىللىرىنى ئۆزگە ئۆرنەك قىلىپ، ھەر ۋاقىت ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، «غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ۋە غەربىي رايوننى تەرەققىي قىلدۇرۇش» ئىشلىرىنىڭ خۇشناۋا كۈيچىسى بولۇشى لازىم.

يېڭى بىر ئەسىردە، بىز پارتىيە 15 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ھەسسىلەپ تىرىشىپ، توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ تۈرلۈك ئىجتىمائىي خىزمەتلىرىنى ئومۇميۈزلۈك 21 ـ ئەسىرگە قاراپ سىلجىتايلى.

# تۇنجى نەشرىگە بېغىشلىما

## تۇرپان ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى

ئابلا قاسىم

شىنجاڭ تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى نەشرقىلغان «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» ژۇرنىلى ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ تىرىشىشى ئارقىسىدا، كەڭ ئوقۇرمەن، تەتقىقاتچىلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى. بۇ تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىدىكى كەڭ ئالىم مۇتەخەسسىسلەر، ئەزالار بىلەن تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتىغا قىزىقىدىغان كەڭ ھەۋەسكارلار تەخىرسىزلىك بىلەن كۈتۈپ كەلگەن بىر چوڭ ئىش. شۇنداقلا تۇرپاننىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، ئىقتىسادى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلىش، تۇرپاننى دۇنياغا تونۇتۇش جەھەتتىكى زور ئىش. مەن بۇ ژۇرنالنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنى چىن قەلبىمدىن تەبرىكلەيمەن.

تۇرپاننىڭ قەدىمكى يىپەك يولى قاتنىشىدىكى ئورنى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، ئۇزاق تارىخقا ۋە پارلاق مەدەنىيەتكە ئىگە. ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار بۇندىن 10 ـ 15 مىڭ يىل بۇرۇنقى ئىنسانلارنىڭ بۇ يەردە ياشاپ كۆپەيگەنلىكىنى، بۇ يەردە ياشىغان ھەرقايسى مىللەت خەلقىنىڭ يۈكسەك راۋاجلانغان ئىقتىساد، پارلاق مەدەنىيەت ئۈلگىلىرىنى ئورتاق يارىتىپ، قەدىمكى دەۋردىكى شەرق بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئالمىشىشىغا ۋە تەرەققىي قىلىشىغا مۇھىم تۆھپە قوشقانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ساقلىنىپ قالغان قەدىمكى شەھەر خارابىلىرى، مىڭ ئۆي تام سۈرەت سەنئىتى ۋە قېزىۋېلىنغان نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بۇنىڭ ئەڭ ياخشى دەلىللىرىدۇر. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادا يېڭى گۈللىنىۋاتقان تۇرپانشۇناسلىق قىزغىنلىقى جۇش ئۇرۇپ، تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي قىزىق پەنلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندى. بۇ ھەقتىكى مەخسۇس تەتقىقات ئەسەرلىرى، ئىلمىي ماقالىلەر كۆپلەپ ئېلان قىلىندى. بىراق يېزىلغان ئەسەرلەر كۆپ بولسىمۇ رايونىمىزدا بۈگۈنكى كۈنگىچە ئۆزىنىڭ مەخسۇس تەتقىقات نەشر ئەپكارى بولماسلىقى ئەپسۇسلىنارلىق ئىش ئىدى.

«تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ نەشر قىلىنىشى بۇ بوشلۇقنى تولدۇردى. «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» شىنجاڭ تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى توغرىسىدىكى ئىلمىي ژۇرنىلىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



بۇ ژۇرنال ئىلمىي جەمئىيەت كاتىبات باشقارمىسىدىكى كەڭ، تەتقىقاتچى ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر بىلەن ئەزالارنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ۋە ئەجىر سىڭدۈرۈشى ئارقىلىق، تېخىمۇ گۈللەپ سۈپەتلىك ئىلمىي تەتقىقات باغچىسىغا ئايلانغۇسى.

«تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» نىڭ نەشردىن چىقىشى ئىلمىي جەمئىيەت كاتىبات باشقارمىسىدىكى يولداشلارنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىنىڭ، شۇنداقلا يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىگە ۋە قوللىشىغا ئېرىشكەنلىكىنىڭ، نۇرغۇنلىغان دۇنخۇاڭشۇناس، تۇرپانشۇناس مۇتەخەسسىس، تەتقىقاتچى ئالىملارنىڭ قىزغىن ياردەم بەرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسىدۇر. مەن خىزمەتلىرىمىزنى قوللاپ - قۇۋۋەتلىگەن ئالىم مۇتەخەسسىسلەرگە چىن قەلبىمدىن تەشەككۈر ئېيتىمەن.

---

(بېشى 32 - بەتتە)

⑥ۋ ۋ بارتولد «يەتتە سۇ تارىخىنىڭ ئوچېرىكى» ئۇيغۇر سايرانى تەرجىمىسى، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1984 - يىللىق ئۇيغۇرچە 7 -، 8 - سان.

⑦جۇۋەينى «تارىخىي جاھان كۇشاي» ئىنگلىزچە تەرجىمىسى I توم 354-، 355 -، 356 - بەتلەر، ۋاڭ جىژلەي يازغان «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدىن تېزىسلار» دا كەلتۈرگەن نەقىل، خۇنەن مائارىپ نەشرىياتى 1968 - يىل خەنزۇچە نەشرى 387 -، 388 -، 389 - بەتلەر.

⑧ دوسان «موڭغۇل تارىخى» جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى 1 - كىتاب 1962 - يىل خەنزۇچە نەشرى 78 - بەت.

⑨ ئابىتاكىئو «غەربىي ئۇيغۇر خانلىقلىرىنىڭ تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات» سۇڭ شياۋپىڭ قاتارلىقلار تەرجىمىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986 - يىلى خەنزۇچە نەشرى 365 -، 344 - 344 - بەتلەر.

⑩گومىليوف «خىيالىي شەھەرنى ئىزلەش» 1970 - يىل موسكۋا نەشرى 131 -، 132 - بەتلەر؛ ئا گ مالياۋلىن يازغان «IX — XIII ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى» دە كەلتۈرگەن نەقىل، 306 - بەت.

⑪ مىنورسكى «شەرەپ ئەل زامان ئەل مەرۋازى» 1942 - يىل نەشرى؛ ئا گ مالياۋكىن يازغان «IX — XIII ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى» دە كەلتۈرۈلگەن نەقىل، 307 - بەت.

⑫ئا گ مالياۋكىن «IX — XII ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى» ئۇيغۇر سايىبانى تەرجىمىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 303 -، 332 - بەت.

⑬ «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى، ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» 490 - جىلد.

⑭ «لياۋ سۇلالىسى تارىخى، شىڭزۇڭ ھەققىدە خاتىرە» 20 - جىلد، «قارا ئەللەر رويخېتى».

⑮«تەزكىرەئىي سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان» بىلەن «تەزكىرەئىي ئەبۇ گەتتاھ» دا بېرىلگەن ئۇچۇرلار: ئەنۋەر بايتۇر خەيرىنسا سىدىق يازغان «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى» دا كەلتۈرۈلگەن نەقىل، مىللەتلەر نەشرىياتى 1991 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 600 -، 601 - بەتلەر.

تەھرىرى: ئابدۇقېيۇم خوجا

# تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىككى پارچە ھۆججەت

ئىسراپىل يۇسۇپ

هازىرغىچە مەلۇم بولغان، ئېلىمىز ۋە چەت ئەل ئالىملىرى رەتلەپ، تەتقىق قىلىپ ئېلان قىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھۆججەتلەر دىنىي ئەسەرلەر - نوملار، ئەدەبىي ئەسەرلەر، پالنامە، لۇغەت، كالىندارلار، تىبابەتچىلىككە ئائىت ھۆججەتلەر (ئەم - رېتسېپلار)، تارىخقا ئائىت بەزى ھۆججەتلەر ۋە ئىجتىمائىي ئىقتىسادقا ئائىت ھۆججەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يۇقىرىقىلارنىڭ ئىچىدە، ئىجتىمائىي ئىقتىسادقا ئائىت ھۆججەتلەر خېلى مۇھىم تارىخىي ماتېرىياللىق قىممەتكە ئىگە. مەن ئىگىلىگەن ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ھازىرغىچە مەلۇم بولغان ئىجتىمائىي ئىقتىسادقا ئائىت ھۆججەتلەر 210 پارچىدىن ئارتۇق بولۇپ، ئۇلار مەزمۇن جەھەتتىن ۋەسىقىلەر، تىلخەتلەر، باج - سېلىق ۋە ھاشارغا ئائىت ھۆججەتلەر، خەت - چەكلەر ۋە باشقىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ھۆججەتلەر ئىچىدە تۇرپان رايونىدىن تېپىلغانلىرى 160 پارچىدىن ئاشىدۇ (جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان تېپىلغان ھۆججەتلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). تۇرپان رايونىدىن تېپىلغان بۇ بىر تۈركۈم ھۆججەتلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ھازىر چەت ئەللەردە بولۇپ، دۆلىتىمىزدە ساقلىنىۋاتقانلىرىنىڭ سانى 20 پارچە ئەتراپىدا ① تۇرپان رايونىدىن تېپىلغان ھۆججەتلەر، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋاللىرىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدىغان بىرىنچى قول ماتېرىيال بولۇش سۈپىتى بىلەن سۇڭ، يۈەن دەۋرلىرىدىكى تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى، جۈملىدىن ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي، سودا - سېتىق ئەھۋاللىرىنى تەتقىق قىلىشتا، خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردىكى يېتىشسىزلىكنى تولۇقلايدۇ ياكى بوشلۇقنى تۇلدۇرىدۇ.

ئىجتىمائىي ئىقتىسادقا ئائىت ھۆججەتلەر ئىچىدە قانۇنىي ھۆججەتلەر ياكى دەلىل - ئىسپاتلىق خاراكتېرىگە ئىگە بولغان ۋەسىقىلەر قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋاللىرىنى تەتقىق قىلىشتا ئالاھىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. مېنىڭ ئىگىلىشىمچە، ھازىرغىچە مەلۇم بول-

ئۇيغۇر كىتاب تورخانىسى www.uyghurkitap.com



غان ۋەسىقىلەر جەمئىي 125 پارچە بولۇپ، ئۇلارنىڭ 121 پارچىسى «توپلام» ② دا سىستېمىلىق تونۇشتۇرۇلدى، قالغان تۆت پارچىسىدىن ئۈچىنى ئۇزۇن ئۆتمەستىن بۇرۇن مەن ئېلان قىلدىم ③. ئەمدى بۇ ماقالەم ئارقىلىق يەنە بىر پارچىسىنى تونۇشتۇردۇم.

تۆۋەندە، ئىككى پارچە ھۆججەتنىڭ كونكرېت مەزمۇنىنى تونۇشتۇرىمەن. ئالدى بىلەن زۆرۈر ئەسكەرتىش بېرىپ ئۆتەي: (1) لاتىن يېزىقىدىكى ترانسكرىپسىيىدە، ھەر سۆزنىڭ ئاستىغا ئۇلارنىڭ مەنىسى بېرىلدى. (2) ئالدى ـ كەينى بەتلىرىگە خەت يېزىلغان ھۆججەتنىڭ كەينى بېتىدىكى سۆزلەر ترانسكرىپسىيىسىنىڭ قۇر نومۇرلىرىنىڭ كەينىگە K ھەرپى بېرىلدى. ھۆججەتلەر كەمتۈك ۋە تىتىلغان بولغاچقا، مۇناسىۋەتلىك سۆزلەرگە قۇر نومۇرلىرى بويىچە ئىزاھات بېرىلدى. (3) ترانسكرىپسىيىدە ( ) بەلگىسى ئىچىگە ئېلىنغان ھەرپلەر بولسا، ئەسلى ھۆججەتتە يوقالغان ياكى ئۆچكەن، بىراق ھۆججەت مەزمۇنىغا ھەم ئالاقىدار سۆزلەرنىڭ ساقلىنىپ قالغان قىسمىغا ئاساسەن، ترانسكرىپسىيىدە ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن تاۋۇش بەلگىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ( ) ئىچىدىكى بىر چېكىت ئەسلى تېكىستتىكى تىنىش بەلگىسىنى كۆرسىتىدۇ. كۆپ چېكىت ھۆججەتنىڭ يوقالغان پارچىلىرى بىلەن بىللە يىتكەن سۆزلەرنىڭ ئورنىنى بىلدۈرىدۇ. ئارقىسىغا (؟) قويۇلغان سۆزلەر بولسا، ترانسكرىپسىيىسىگە ئېھتىياتچان پوزىتسىيە تۇتۇش مۇۋاپىق تېپىلغان سۆزلەرنى كۆرسىتىدۇ. چوڭ يېزىلىشى بىلەن بېرىلگەن ھەرپلەر، تەركىبىدىكى بىر قىسىم تاۋۇش بەلگىلىرى يوقالغان ياكى ئۆچۈپ كەتكەن سۆزلەرنىڭ ئاساسەن تونۇغىلى بولىدىغان بەزى ھەرپلىرىنى بىلدۈرىدۇ. ترانسكرىپسىيىدىكى ھەر بىر قىيپاش سىزىق يوقالغان بىر ھەرپنىڭ ئورنىنى ئىپادىلەيدۇ.

بىرىنچى، ھۆججەت A: 1993 ـ يىلى، شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ـ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ ئارخېئولوگىيە خادىملىرى، يارغۇل قەدىمكى شەھىرىنىڭ غەربىي شىمال كىچىك ئىبادەتخانىسىدا ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش، تازىلاش خىزمىتىنى ئىشلىگەندە، ئىبادەتخانا ئىچىدىكى يان ئۆي FB دىكى توپا دۆۋىسى قاتلىمىدىن تېپىلغان ④ بۇ تىتىلىپ كەتكەن، قالدۇق ھۆججەتنىڭ چوڭلۇقى 20. 9cm × 16. 7cm بولۇپ، ئالدى ـ كەينى بەتلىرىگە 23(10+13) قۇر خەت يېزىلغان. ئالدى بېتىدە، ئىككى ئورۇندا 8. 6cm × 8. 6cm چوڭلۇقتىكى قىزىل چاسا تامغا ئىزى بار ⑤ (ھۆججەت قالدۇقىنىڭ ئوڭ تەرەپ يۇقىرى بۇرجىكىدىكى

تامغا ئىزى ئاساسەن ساقلىنىپ قالغان، سول تەرەپ تۆۋەن بۇرجىكىدىكى تامغا ئىزىنىڭ يۇقىرى قىسمىلا قېپقالغان) بولۇپ، خېتىنى تونۇغىلى بولمايدۇ. گەرچە بۇ قالدۇق ھۆججەت تىتىلىپ بىرەر جۈملە سۆزمۇ مۇكەممەل ساقلىنىپ قالالمىغان بولسىمۇ، بىراق بۇ ھۆججەتكە چوڭ چاسا تامغا (بۇ ھۆكۈمەت تامغىسى بولۇشى كېرەك) بېسىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭدىكى ئوقۇغىلى بولىدىغان سۆزلەردىن ئۇنىڭ مەزمۇنى قۇل (قارا باش)، ئۈزۈملۈك (بورلۇق)، يەر ۋە بۆز قاتارلىقلارغا ئالاقىدار ئىكەنلىكى، ئۇنى تونۇشتۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتى بارلىقى ۋە زۆرۈرلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ھازىر بۇ ھۆججەت شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدا ساقلانماقتا.

## ھۆججەت A تېكىستىنىڭ ترانسكرىپسىيىسى

1. ......................S.......................

2. ötüg bit—...............—üküs.......
ئىلتىماس.....ياز- (نۇرغۇن)

3. yant(uru)p(?)...........ni—.......mitso............
قايتۇرۇپ (؟) (?)

4. tutuș(u)p tükä—..........qutlu(ɣ)..........
(تاپشۇرۇپ) تۈگە- (كىشى ئىسمى)

5. bolt(um).............atïm—tïn ötünü..............
بولدۇم نامىدىن ئۆتۈنۈپ

6. bol(m)—................bükün y—..........
بول-.... بۈگۈن

7. qrabaš(.) tört............—či—lar..................
قۇل تۆت لار-.....

8. ud—............birlä //k//..............
(؟) بىرگە

9. taš................borluq..................
تاشقىرى ئۈزۈملۈك

10. yir(.) qu(np)u(?) u—.........iki............
يەر قۇنپۇ ئىككى

11K ...—i yangï(qa)(?) m(an)ga tüš mä(n)gü—kä
(؟)كۇنى ماڭا (كىشى ئىسمى)

12k. ...—i atïn.....—NK........—lɣ...yuz
باشقا يۈز

13k. .......(s)ligtä onunč.......b—........—tar
(كىشى ئىسمى) ئونىنچى

uyghurkitap.com



14K. ..........—i trkä t—.......s(ö)z—lästmz
سۆزلەشتۇق ئىجارە ھەققىگە

15k. .......—mš bu...........böz—tä on
ئون بۆزدە بۇ

16k. ..........böz.........—iz///YR
بۆز

17k. ..............kü................tavar
مال كىشى ئىسمى

18k. .... QLY ST—..............tavar
مال

19k. .....täš.......—i ylnguz y(o)rïp(?)
يۈرۈپ (؟) يالغۇز تاشقىرى

20k. ...........(ü)lüš(?)(.) /WKT—........
ئۈلۈش (؟)

21k. ...............(i)kigü..................
ئىككەيلەن

22k. ...........KW(?) ta—...................

23k. ..........b—...... ....—ci savinčimz—ni(?)
خۇشاللىقىمىزنى (؟)

ئىزاھات:

1. ötüg : بۇ سۆز «ئۆتۈنۈش، ئىلتىماس، تەلەپ» دېگەن مەنىلەرگە ئىگە. بىراق، مەزكۇر ھۆججەت ئېغىر دەرىجىدە تىتىلغان بولغاچقا، بۇ سۆزنىڭ مەزكۇر ھۆججەتتە «تىزىملىك؛ ھېساب تالونى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ، يەنى (ödig/ötig=ötüg «توپلام» نىڭ 2 - تومىنىڭ 271 - بېتىگە قاراڭ.)

2. yant(uru)p : بۇ سۆز «قايتۇرۇپ (بېرىش)» مەنىسىدە چۈشۈنىلدى. بىراق ئۇ «قايتۇرۇپ (كېلىش)» ياكى «ياندۇرۇپ (كېلىش)» مەنىسىدە بولۇشىمۇ مۇمكىن.

3. mitso : 明藏 نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى (ماقالە ئاخىرىدىكى ئىزاھات ⑥ گە قاراڭ).

4. bolt(um) : بۇ سۆزنى bult (um) («تاپتىم؛ ئېرىشتىم» دېگەن مەنىدە) دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىنىشقىمۇ بولىدۇ.

5. bol(m)— : بۇ كەمتۈك سۆزنى bol (z) — bul (z) دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىنىشقىمۇ بولىدۇ. بۇ كەمتۈك سۆزنىڭ يىلتىزى bol— (بولماق) ياكى bul— (تاپماق، ئېرىشمەك) بولۇشى كېرەك.

6. qrabaš (qarabas~) : مەنىسى «قۇل» بولۇپ، بۇ ئاتالغۇنىڭ تۇرلەنمىگەن ۋە تۇرلەنگەن شەكلى،

سەككىز پارچە قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىدە 33 قېتىم ئۇچرايدۇ («توپلام» نىڭ 2-تومىنىڭ 273 - بېتىگە قاراڭ).

7. borluq (ئۈزۈملۈك): بۇ سۆزنىڭ تۈرلەنمىگەن ۋە تۈرلەنگەن شەكلى 17 پارچە قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىدە 58 قېتىم كۆرۈلىدۇ («توپلام» نىڭ 2-تومىنىڭ 252 - بېتىگە قاراڭ).

8. yir (يەر، ئېتىز): بۇ سۆزنىڭ تۈرلەنمىگەن ۋە تۈرلەنگەن شەكلى 36 پارچە قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىدە 157 قېتىم ئۇچرايدۇ («توپلام» نىڭ 2 - تومىنىڭ 303 -، 304 - بەتلىرىگە قاراڭ).

9. qu(np)u (qanpu~, quanpu~): خەنزۇچە 布官 نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى. بۇ ئاتالغۇنىڭ تۈرلەنمىگەن ۋە تۈرلەنگەن شەكلى 12 پارچە قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىدە 27 قېتىم ئۇچرايدۇ. («توپلام» نىڭ 2 - تومىنىڭ 277 - بېتىگە قاراڭ) قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئېلىم - سېتىم ۋەسىقىلىرى sa01، sa19 ۋە sa06 لەرگە ئاساسلانغاندا («توپلام» نىڭ 2 - تومىنىڭ 4 -، 14 - ۋە 42 - بەتلىرىگە قاراڭ)، بىر qunpu (قۇنپۇ ياكى قۇانپۇ، قانپۇ)، بازاردا پۇل ئورنىدا ئوبوروت قىلىنىدىغان، ئوتتۇرىسىغا تامغا بېسىلغان (ياكى ئۇستىگە ئىمزا قويۇلغان ۋە تامغا بېسىلغان)، ئىككى ئۇچىغا جىيەك تۇتۇلغان 10 چى ئۇزۇنلۇقتىكى بۆزنى كۆرسىتىدۇ. qunpu دېگەن بۇ ئاتالغۇ كىشىگە «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تىكى «قامدۇ» ئاتالغۇسىنى ئەسلىتىدۇ. مەھمۇد كاشغەرى «قامدۇ» نى: «بويى تۆت گەز، ئېنى بىر غېرىچ كېلىدىغان بىر پارچە بۆز، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇيغۇر خانىنىڭ تامغىسى بېسىلغان بولۇپ، سودا - سېتىقتا پۇل ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ.» دەپ چۈشەندۈرىدۇ⑦.

yangï(qa)<? >11K: سۆز تومۇرى yangi («يېڭى؛ دەسلەپ» دېگەن مەنىدە) بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا ھەر ئاينىڭ ئالدىنقى ئون كۈنى ئىچىدىكى كۈنلەر yangiqa بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

trkä. 14K: سۆز تومۇرى tr(tär=) بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەردە «ئىجارىگە ئالماق؛ ئىجارە ھەققى» دېگەن مەنىلەرگە ئىگە. بۇ سۆز ئۈچ پارچە قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىدە يەتتە قېتىم ئۇچرايدۇ («توپلام» نىڭ 2 - تومىنىڭ 290 - بېتىگە قاراڭ).

böz. 15K (بۆز): بۇ سۆزنىڭ تۈرلەنمىگەن ۋە تۈرلەنگەن شەكلى، 25 پارچە قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىدە 62 قېتىم كۆرۈلىدۇ («توپلام» نىڭ 2 - تومىنىڭ 252 - بېتىگە قاراڭ).

tavar. 18K، 17K: بۇ سۆز «مال» ۋە تاۋار - دۇردۇندىكى «تاۋار» دېگەن مەنىگە ئىگە بولۇپ، بۇ يەردە «تاۋار» دېگەن مەنىدە كېلىد-

www.uyghurkitap.com

شىمۇ مۇمكىن.

taš. 19K: بۇ سۆز ① «تاشقىرى، سىرت»؛ ② «تاش» دېگەن مەنىلەرگە ئىگە بولۇپ، بەزىدە كىشى ئىسمى بولۇپمۇ كېلىدۇ. شۇڭا بۇ ھۆججەتتە ئۇنىڭ كىشى ئىسمىنى بىلدۈرۈش ئېھتىمالىمۇ بار. مەزكۇر ھۆججەت ئېغىر دەرىجىدە كەمتۈك بولغاچقا، شۇنى ئەسكەرتىپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇ، مۇشۇ قۇردىكى ۋە بۇ ھۆججەتنىڭ توققۇزىنچى قۇرىدىكى taṡ دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىنغان سۆزنى tas («يىرىك، قوپال» دېگەن مەنىدە) دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىشقىمۇ بولىدۇ.

y(o)rïp<? >. 19K («يۈرۈپ، مېڭىپ»): بۇ سۆزنى يەنە y(a)<? >nïp («يېنىپ، قايتىپ») دەپ ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ترانسكرىپسىيە قىلىشمۇ مۇمكىن.

WKT، ST، QLT، YR، 20K، 18K، 16K: چوڭ يېزىلىشى بويىچە بېرىلگەن ھەرپلەر ئىچىدىكى W بولسا، o، u /ö، ü ھەرپلىرىنى ياكى ئۇلارنىڭ ھالقا شەكىللىك قىسمىنى بىلدۈرىدۇ؛ K بولسا، k ياكى g ھەرپىنى؛ y بولسا، y ياكى ï/i ھەرپىنى Q بولسا، q ياكى γ ھەرپىنى، s بولسا s ياكى s ھەرپىنى، T بولسا، t ياكى ṯ يېزىلىپ قالغان d ھەرپىنى بىلدۈرىدۇ.

sävinčimz — ni(?). 23K: بۇ سۆز: ni (چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى)، imz (ئىگىلىك I شەخس كۆپلۈك قوشۇمچىسى)، ṡavinč (ئىسىم) دىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ṡavinċ («شاتلىق، خۇشاللىق») قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەردە كىشى ئىسمى بولۇپمۇ كېلىدۇ («توپلام» نىڭ 2 ـ تومىنىڭ 281 ـ بېتىگە قاراڭ). شۇڭا تۇرلەنگەن ئىسىم ṡavinċimz — ni نىڭ كىشى ئىسمى بولۇش ئېھتىمالى بار بولسىمۇ، بىراق بۇ ھۆججەتتە بۇ خىل ئېھتىماللىق بەكمۇ كىچىك.

## ھۆججەت A تېكىستىنىڭ يەشمىسى

. . . . . . . ئىلتىماس ياز. . . . . . . نۇرغۇن . . . . قايتۇرۇپ. . . . .
مىتسو. . . تاپشۇرۇپ . . . (مەن) قۇتلۇغ. . . (ئۆز) نامىمدىن . . .
ئۆتۈنۈپ . . . . . . . بۈگۈن . . . قول، تۆت. . . . . . . . بىرگە . .
. . . تاشقىرى. . . . ئۈزۈملۈك. . . . . يەر، قۇنپۇ . . . . . ئىككى . . .
. . . . . كۈنى، ماڭا تۇش مەڭگۈگە. . . . باشقا. . . . . . . يۇز. . . سىلىگتە
(ياكى سىلىگتىن) ئونىنچى. . . . . ئىجارە ھەققىگە . . . . . . سۆزلەشتۇق
. . . . . . بۇ . . . . . . بۆزدە (بۆزدىن) ئون . . . . . .بۆز. . . . . . . . . .
كۈ. . . . . . . . مال (ياكى تاۋار). . . . . . . . . . مال (ياكى تاۋار). . . . .
. . . . تاشقىرى . . . . يالغۇز يۇرۇپ. . . . ئۇلۇش . . . . . ئىككەيلەن
. . . . . . . . . خۇشاللىقىمىزنى . . . .



هۆججەت A نىڭ ئالدى تەرىپى



هۆججەت A نىڭ كەينى تەرىپى

يۇقىرىدا ئەسكەرتكىنىمىزدەك، هۆججەت A كەمتۈك هەم تىتىلغان بولغاچقا، ئۇنىڭ ئالدى بېتىدىكى مەزمۇن بىلەن كەينى بېتىدىكى مەزمۇن بىر - بىرىگە باغلانمايدۇ. مەزكۇر هۆججەتنىڭ بۇ خىل هالىتى كىشىنى بەكمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. بۇ هۆججەتنىڭ ئالدى - كەينى بەتلىرىدىكى مەزمۇنلار خاراكتېرىنىڭ بىر - بىرىگە ئوخشىماسلىق ئېھتىمالى ياكى ئۇنىڭ ئالدى - كەينى بەتلىرىنىڭ باشقا - باشقا هۆججەت بولۇش ئېھتىماللىقىنى پۈتۈنلەي يوققا چىقىرىۋەتكىلىمۇ بولمايدۇ. بۇ هۆججەتنىڭ كەينى بېتىدىكى مەزمۇندىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ۋەسىقە بولۇش ئېھتىمالى مەۋجۇت. بىز هۆججەت A نىڭ ئىبادەتخانا هۆججىتى بولۇش ئېھتىمالىنىمۇ يوققا چىقارمايمىز. خەت نۇسخىسى، فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكى ۋە سۆز ئىشلىتىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، بۇ هۆججەتنىڭ دەۋرى مىلادى 13 - 14 - ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدىغاندەك قىلىدۇ.

ئىككىنچى، هۆججەت B: بۇ كەمتۈك هۆججەت 1959 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، تۇرپان سىڭگىم ئېغىزى يېنىدىكى بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان ⑧. مەن 1999 - يىلىنىڭ بېشىدا، ش ئۇ ئا ر مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى هۆججەتلەر پارچىلىرىنى تەپسىلىي كۆرۈپ رەتلىگىنىمدە، مەزكۇر كەمتۈك هۆججەت دىققىتىمنى قوزغىدى. بۇ بۆزگە ئالاقىدار ۋەسىقە («تويىن قۇلى قاتارلىقلارنىڭ بۆز قەرز ئېلىش توختىمى») بولۇپ، چوڭلۇقى 8. 7cm × 16cm كېلىدۇ، ئۇنىڭ بىر يۈزىدە 6 قۇر خەت ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

## هۆججەت B تېكىستىنىڭ ترانسكرىپسىيىسى

1. .........mn toyïn qulï
   مەن (كىشى ئىسمى)
2. .........—a böz krgäk
   بۆز كېرەك
3. ........—mz qočo—qa
   قوچوغا
4. .........(t)ngiča(?).......Yoqluɣ
   تەڭ كېلىدىغان (كىشى ئىسمى؟)
5. —ür—biz b—..... .....L—......yitinč
   (مىز-) يەتتىنچى
6. ........(b)ir ay t—........
   بىر ئاي



هۆججەت B

ئىزاھات:

1. toyïn quli (بۇددا دىنى مۇرىتىنىڭ ئىسمى) toyïn بولسا، خەنزۇچە 人道 نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى. تويىن قۇلى دېگەن كىشى ئىسمى قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەردە ئۇچرايدۇ («توپلام» نىڭ 2 - تومىنىڭ 278 - بېتىگە قاراڭ).

4. (t)ngičä(?) (تەڭ كېلىدىغان): سۆز تومۇرى tang (tng = «تەڭ»، «باراۋەر» دېگەن مەنىدە) بولۇپ، ئۇنىڭ ئىگىلىك III شەخس قوشۇمچىسى بىلەن تۇرلەنگەن شەكلىگە، رولى ۋاستە كېلىش قوشۇمچىسىنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان cä — قوشۇلغاندا، ئادەتتە n تاۋۇشى كۆپىيەتتى. مەسىلەن: (tängincä–)tngincä دېگەندەك («توپلام» نىڭ 2 - تومىنىڭ 290 - بېتىگە قاراڭ). دېمەك، (t)ängicä دە n تاۋۇشى چۈشۈپ قالغان.

3. qočo (قوچو): 高昌 نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى.

4. yoqluɣ (كىشى ئىسمى؟): بۇ سۆزنى yoqluq، yorlur دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىشمۇ مۇمكىن. yoqluɣ نىڭ سۆز تومۇرى yoq («يوق» دېگەن مەنىدە)، yoɣluɣ نىڭ سۆز تومۇرى yoɣ («ماتەم»، «مۇسىبەت» دېگەن مەنىدە) بولۇپ، سۆز تومۇرىغا سۈپەتتىن ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە -luq/-luɣ ياكى ئىسىمدىن سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە -luɣ نىڭ قوشۇلغان.

## هۆججەت B تېكىستىنىڭ يەشمىسى

. . . . . (يىلى) . . . . . (ئاينىڭ) . . . . . (كۈنى)، مەن تويىن قۇلى (ۋە) . . . . . (گە) بۆز كېرەك (بولۇپ)، . . . . قوچوغا. . . . . تەڭ كېلىدىغان (ياكى باراۋەردە) . . . . . يوقلۇق. . . . . . يەتتىنچى. . . . بىر ئاي. . . . . .

مەزكۇر كەمتۈك ۋەسىقىنىڭ خەت نۇسخىسى ۋە فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكى قاتارلىقلاردىن قارىغاندا، ئۇنىڭ دەۋرى مىلادى 13 - ئەسىردىن كېيىن ئەمەستەك قىلىدۇ. ھازىر بۇ ۋەسىقە، 60TS001:4 نومۇر بىلەن ش ئۇ ئا ر مۇزىيىدا ساقلانماقتا.

---

ئىزاھات:

① بۇ 210 پارچىدىن ئارتۇق ھۆججەتنىڭ 20 پارچە ئەتراپىدىكىسى ھازىر جۇڭگو تارىخ مۇزېيى، ش ئۇ ئا ر مۇزېيى، شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكار-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



لىق ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى ۋە تۇرپان ۋىلايەتلىك مۇزېي قاتارلىق ئورۇنلاردا ساقلىنىۋاتىدۇ. قالغان مۇتلەق كۆپ ساندىكى ھۆججەتلەر بولسا، رۇسىيە، گېرمانىيە، فرانسىيە، ياپونىيە، فىنلاندىيە، تۈركىيە، ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە ساقلىنىۋاتماقتا.

② «توپلام»: 1993 - يىلى ياپونىيىنىڭ ئوساكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلغان «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر توپلىمى»، («ウイグル文契约文书集成») نىڭ قىسقارتىلىپ ئاتىلىشى ھېسابلىنىدۇ. «توپلام» 3 توملۇق بولۇپ، ئۇنىڭ ئاپتورى يامادا نوبۇئو، تۈزگۈچىلىرى ئۇدا جۇتېن، پېتىر تىسىمې، ئۇمېمورا خىروشى، موريىيا سۇتاكائو قاتارلىق ياپونىيىلىك ۋە گېرمانىيىلىك ئالىملاردۇر. «توپلام» جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ جاپالىق ئەمگىكى - تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن پايدىلىنىش ۋە ئۇلارنى ئىشلىتىش ئاساسىدا مەيدانغا چىققان بولۇپ، خەلقئارا ئۇيغۇرشۇناسلىق جۈملىدىن تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتىغا قوشۇلغان مۇھىم تۆھپە ھېسابلىنىدۇ. گېزى كەلگەندە شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ قويۇش زۆرۈركى، ئېلىمىز ئالىمى پروفېسسور لى جىڭۋېي ئېلىمىز ۋە چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن پايدىلىنىش، بولۇپمۇ يېڭى نەتىجىلەردىن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە پايدىلىنىش ئاساسىدا، «تۇرپاننىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ھۆججەتلىرى تەتقىقاتى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 - يىل) ۋە «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ھۆججەتلەر تەتقىقاتى» (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1996 - يىلى) قاتارلىق ئىككى كىتابنى تۈزۈپ ئېلان قىلىپ، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ھۆججەتلەرنى بىرقەدەر سىستېمىلىق ھالدا ئېلىمىز ئوقۇرمەنلىرىگە تونۇشتۇرۇشتا مۇھىم تۆھپە قوشتى.

③ ئىسراپىل يۇسۇپ: «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بىر پارچە پۇل تاپشۇرۇۋېلىش ھۆججىتى»، «ئىچكى قۇرۇقلۇق ئاسىيا تىللىرى تەتقىقاتى» («内陆アジア言语の研究» X، 1995) نىڭ X سانى، ۋە «تۇرپاندىن يېڭى تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەر»، «دۇنخۇاڭ - تۇرپان تەتقىقاتى» 4 - جىلد (تۇرپان تەتقىقاتى توغرىسىدىكى مەخسۇس سان)، 1999 - يىل.

④ «يارغۇل قەدىمىي شەھىرىدىكى 1993 -، 1994 - يىللىق ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشتىن دوكلاد»، شەرق نەشرىياتى، 1998 - يىل، 87 - بەتكىچە ۋە VXX رەسىملىك بەتتىكى فوتو سۈرەت 6 -، 3 - گە قاراڭ.

⑤ ھازىرغىچە بىزگە مەلۇم بولغان ۋە چوڭ چاسا تامغا بېسىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھۆججەتتىن 4 ي بار: 1 - «قەدىمكى ئۇيغۇر

يېزىقىدىكى مانى دىنى ئىبادەتخانىسى ھۆججىتى» (خۇاڭ ۋېنبى «تۇرپان ئارخېئولوگىيىسى خاتىرىسى»، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى بېسىپ تارقاتقان، 1954 ـ يىل، رەسىملىك بەت 89ـ، 94 گە قاراڭ)؛

2 ـ «شەنبىن (بىنتوڭ) نىڭ ئۆزىنى سېتىش ھۆججىتىنىڭ 3 ـ سى» («شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىنىڭ 30 يىلى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىل، فوتو سۈرەت 300 ـ گە قاراڭ)؛

3 ـ مېنىڭ «دۇنخۇاڭ-تۇرپان تەتقىقاتى» نىڭ 4-جىلدىدا ئېلان قىلىنغان ماقالەمگە يەنى ئۇنىڭدىكى B ھۆججەتنىڭ فوتو سۈرىتىگە قاراڭ)؛

4) مۇشۇ ماقالىدىكى ھۆججەت A نىڭ رەسىمگە قاراڭ،

⑥ mitso: س. تېزجان (S. Tezcan) [«قەدىمكى ئۇيغۇرچە شۇەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» X بۆلۈم] (ئەنقەرە، 1975 ـ يىل) دا «mitso — sinsi» دېگەن ئاتالغۇ بولۇپ، خەنزۇچە، «明藏禅师» دىن كەلگەن، بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا mitso نى 明藏 نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى دېيىشكە بولىدۇ.

⑦ مەھمۇد كاشغەرى «تۈركى تىللار دىۋانى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىل) I توم 546 ـ بەتكە قاراڭ.

⑧ سابىت ئەھمەت «تۇرپ 鲊 ن سىڭگىم ئېغىزىنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» (خەنزۇچە) 1960 ـ يىل 5 ـ سان.

(ئاپتور: ش ئۇ ئا ر مۇزېيىنىڭ ئالىي تەتقىقاتچىسى)

تەھرىرى: ئابدۇقېيۇم خۇجا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# غوجامبۇلاق قەدىمكى قورغان خارابىسى ۋە بەشغار مىڭئۆيىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

ئابلىم قېيۇم

غوجامبۇلاق قەدىمكى قورغان خارابىسى تۇرپان شەھىرى سىڭگىم يېزىسى مۇرتۇق مەھەللىسى تەۋەلىكىدە بولۇپ، بېزەكلىك مىڭ ئۆيىنىڭ غەربىي - شىمال قىسمىغا تەخمىنەن 3.2 كىلومېتىردەك كېلىدۇ. ئۇنىڭ خەرىتىدىكى جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 89°31′22″ قا، شىمالىي پارالېل 42° 59′7″ قا توغرا كېلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن 200 مېتىر ئېگىزلىككە جايلاشقان.

غوجامبۇلاق قەدىمكى قورغان[1] خارابىسىنىڭ شەرقىي تەرىپى بىلەن شىمالىي تەرىپىدە، غول - جىرالىقلار بار بولۇپ، بۇ خارابىنىڭ ئومۇمىي ئىگىلىگەن يەر كۆلۈمى 8200 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ.

خارابىنىڭ هازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان ئۇزۇك، پارچە - پۇرات تام - سېپىل ۋە ئۆي خارابىلىرىدىن قارىغاندا، بۇ قورغان ئەسلىدە چاسا شەكىللىك سېپىل بىلەن قورشالغان. قورغاننىڭ شەرقىي -



بەشغار مىڭ ئۆي تام رەسىمى

جەنۇبىي تەرىپى ئېگىز بولۇپ، شەرقىي - جەنۇبىي تەرىپىدە بىرقوۋۇق بار، قورغان ئىچىدىكى قۇرۇلۇشلار ھەرخىل تەبىئىي ئاپەتلەر سەۋەبىدىن ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران بولۇپ كەتكەن.

قورغان خارابىلىقى ئىچىدە كۆلرەڭ، قىزىل رەڭلىك ساپاللار ئۇچرايدۇ. بۇ خارابىدا ھازىرغىچە ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلمىدى. شۇنداقتىمۇ ھازىرغىچە ئېلىپ بېرىلغان ئەمەلىي تەكشۈرۈش ۋە بۇ يەردىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا ئاساسەن، بۇ قورغان خارابىسىنىڭ دەۋرى، جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىن تاكى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگىچە داۋاملىق ئىشلىتىلگەن دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ.

## بەشغار مىڭئۆيى خارابىسى

بەشغار مىڭئۆيى تۇرپان شەھىرىنىڭ سىڭگىم يېزىسى تەۋەلىكىدە بولۇپ، بېزەكلىك مىڭئۆيىنىڭ غەربىي شىمالىي تەرىپىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىلىقى 2.5 كىلومېتىر بولۇپ، ئۇنىڭ خەرىتىدىكى جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 89°31′28″، شىمالىي پاراللېل 42°58′32″ قا توغرا كېلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن 240 مېتىر ئېگىزلىككە جايلاشقان، ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 2430 كۇۋادرات مېتىر كېلىدۇ.

بەشغار مىڭئۆيى خارابىلىكىدە جەمئىي ئون ئېغىز كېمىر ئۆي بار بولۇپ، بۇ ئۆيلەر ئوخشىمىغان ھالەتتە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان.

بەشغار مىڭئۆيىنىڭ جەنۇبىي قېتىغا ئالتە ئېغىز كېمىر ئۆي قېزىلغان بولۇپ، كېمىرلەرنىڭ شەكلى ئۆزگىچە، خېلى ياخشى ساقلانغان، شەرقتىن - غەربكە قاتار 1 - 2 - 4 - 5 - كېمىرلەر چاسا شەكىللىك بولۇپ، ئەگمە تورۇسلۇق، 3 - كېمىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەركىزى تۈۋرۈك بار.

كېمىر ئۆي تاملىرىدا كاكىل - لاي بىلەن سىلىق سۇۋالغاندىن كېيىن، ھاك بىلەن ئاقارتىلىپ، ئاندىن سىزىلغان بۇددا دىنىغا ئائىت تام رەسىملىرى بار، رەسىملەرنىڭ رەڭلىرى ئۆڭۈپ كەتكەن بولۇپ، بەزى تام رەسىملىرى ھەتتا سۇۋاقلىرى بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەن.

2 - 3 - 4 - 5 - كېمىرلەر خېلى ياخشى ساقلانغان، مۇرتۇق غولىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە تۆت كېمىر ئويۇلغان، كېمىلەرنىڭ شەكلى غولنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى كېمىرلەرنىڭ شەكلىگە ئوخشىمايدۇ. ئۇلار ئۇزۇنچاق، چاسا شەكىللىك، ئۇزۇنچاق تورۇسلۇق بولۇپ، تاملىرىغا لاي سۇۋۇمايلا ھەرخىل رەسىملەر سىزىلغان.

غول ئېغىزىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدا بىر بۇتخانا خارابىسى بار. بۇ خارابە ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران بولغان، هازىرقى هالىتىدىن كۆزەتكەندە، بۇتخانا ئەسلىدە ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنگەنلىكى مەلۇم، ئوتتۇرا قىسىمى بۇتخانىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولۇپ، سوقما تام بىلەن قورشالغان، ئىگىز سۇپا ئۈستىگە قۇرۇلغان، ئۇزۇنلۇقى 11 مېتىر، كەڭلىكى 9.5 مېتىر هازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان پارچە ئېگىزلىكمۇ 9.5 مېتىر كېلىدۇ. بۇتخانا قۇرۇلۇشىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئاستى - ئۈستى تۆتۇشمە ئۆيلەر بار. بۇتخانا ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن، شەرقىي قېتىدا توققۇز ئېغىز ئۆي، غەربىي تەرىپىگە هويلا جايلاشقان. بۇتخانىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 34 مېتىر، كەڭلىكى 15 مېتىر كېلىدۇ. بۇتخانا خارابىلىقىدىن قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان قىزىل، كۆلرەڭ ساپال پارچىلىرى تېپىلغان.

### بەشغار مىڭئۆيىنىڭ دەۋرى

مىڭئۆي گەۋدىسىدىن ئىپادىلەنگەن ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن، ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىگە تەۋە دەپ بېكىتىلدى.

بىز يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن بەشغار مىڭئۆيى گەرچە مىلادى X - XI ئەسىرلەرگە تەۋە بولسىمۇ، غوجامبۇلاق قەدىمكى قورغان خارابىسى بىلەن مەلۇم مۇناسىۋىتى بار دەپ قارايمەن. چۈنكى تارىخىي خاتىرىلەردە، قوچۇ قەدىمكى شەھىرىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە «نىڭرۇڭ شەھەرچىسى» بار دەپ خاتىرىلەنگەنلىكى مەلۇم⑨

تارىخىي خاتىرىلەردە خاتىرىلەنگەندەك قوچۇ قەدىمكى شەھىرى بىلەن غوجامبۇلاق قەدىمكى قورغان خارابىسىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى تارىخىي خاتىرىلەرگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. چۈنكى «نىڭرۇڭ شەھەرچىسى» دەل قوچۇ قەدىمىي شەھىرىنىڭ شىمالىدا بىر قەدىمكى شەھەر خارابىلىكى بولۇپ، بۇ قەدىمكى شەھەر خارابىلىكى «غوجامبۇلاق قەدىمكى قورغان خارابىسى» دەپ ئاتالغان، هەم شۇ بويىچە ئارخىپ تۇرغۇزۇلغان. بۇ قەدىمكى خارابە «نىڭرۇڭ شەھەرچىسى» بولۇشى مۇمكىن.

«نىڭرۇڭ» شەھەر ئاهالىلىرى ئۆز ئېھتىياجىغا ئاساسەن «نىڭرۇڭ ئىبادەتخانىسى» نى ياسىغان. كېيىنچە مەلۇم سەۋەب تۈپەيلى، ئەسلىدىكى «نىڭرۇڭ ئىبادەتخانىسى» ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلىنىڭ خانلىق ساڭرامىغا ئۆزگەرتىلگەن ۋە كېڭەيتىپ قۇرۇلغان. بۇتخانا ئەسلىھەلىرى ۋە بۇددا دىنىغا ئائىت هەر خىل تام رەسىملىرىنىڭ مەزمۇنى تېخىمۇ تولۇقلىنىپ، رەڭگارەڭ تۈسكە كىرگۈزۈلگەنلىكى ئېنىق بىلىنىدۇ.

بۇنداق بولۇشتىكى ئاساسلىق سەۋەب، قوچو ئېلى بىر مەزگىل تازا كۈچەيگەن هەم ناهايىتى قۇدرەت

تاپقان، تەسىر دائىرىسىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتكەن دەۋرلەردە «نىڭرۇڭ شەھەرچىسى» نىڭ «نىڭرۇڭ ئىبادەتخانىسى»، «ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلىنىڭ خانلىق ئىبادەتخانىسى» غا ئۆزگەرتىلگەن. جۈملىدىن شەرق، غەربتىكى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئەللەردىن تۈركۈم - تۈركۈملەپ تالىپ - راھىبلار بۇ يەرگە كېلىپ، بىلىم ئۆگىنىپ، ئىلىم تەھسىل قىلغان. «بېزەكلىك مىڭئۆيى» يەنى «خانلىق ئىبادەتخانىسى» ئەينى دەۋرلەردە دۇنياۋىي ئىلىم تەھسىل قىلىدىغان، مەدەنىيەت، مەرىپەت ئۆگىنىدىغان «مەدەنىيەت بۆشۈكى»گە ئايلانغانلىقىنى قىياس قىلالايمىز.

بۇ دەل مىلادى X - XI ئەسىرلەر مەزگىلى بولۇپ، «نىڭرۇڭ» شەھەر ئاھالىلىرى يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئېھتىياجى سەۋەبىدىن ھازىرقى «بەشغار» ئىبادەتخانىسىنى ياساتقان. «نىڭرۇڭ بېزەكلىك مىڭئۆيى» ئەسلىدە «نىڭرۇڭ ئىبادەتخانىسى» بولۇپ، بۇ ئىبادەتخانىنىڭ شۇ دەۋر جەمئىيىتىدىكى ئورنىدا ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولغان. «نىڭرۇڭ ئىبادەتخانىسى» پۈتكۈل «قوچو ئېلى» نىڭ ئەڭ ئالىي ئىبادەتخانىسىغا، جۈملىدىن بۇددا ئىلىملىرىنى ئۆگىنىدىغان كاتتا سورۇنغا ئايلانغان. شۇنىڭدىن كېيىن، نىڭرۇڭ شەھەرچىسىدىكى خەلقلەر، يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ ئېتىقاد جەھەتتىكى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، مىلادى X - XI ئەسىرلەرگە كەلگەندە ھازىر بىز «بەشغار ئىبادەتخانىسى» دەپ ئاتاۋاتقان ئىبادەتخانىنى قۇرۇشقا باشلىغان.

(ئاپتور: تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ كاندىدات ئالىي تەتقىقاتچىسى)

①غوجامبۇلاق قەدىمكى قورغىنى - تارىختىكى (ئۇيغۇرچە) نامى مەلۇم ئەمەس، خەنزۇچە تارىخنامىلارغا پۈتۈلگەن «戎宇» نىڭرۇڭ قەلئەسى بولۇشى ئېھتىماللىقتا يېقىن.

②«نىڭرۇڭ» «宇戎» قورغىنى ھەققىدە، ۋۇخەن ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى چېن گوشەن ئەپەندى تۇرپان تېكىستلىرىنى تەتقىق قىلىش داۋامىدا، بۇ تېكىستلەر ئارىسىدىن «نىڭرۇڭ» (宇戎) دېگەن ئىسىم ھەققىدىكى تېكىستلەرنىڭ بارلىقىنى پايقىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى. يۇقىرىقى ئەھۋالغا ئاساسەن، مەن «نىڭرۇڭ» دېگەن نام ھەققىدە تېخىمۇ تەپسىلىرەك مەلۇماتقا ئىگە بولۇش مەقسىتىدە، تۇرپان تېكىستلىرىنى قايتىدىن ۋاراقلاپ چىقىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇپ، بۇ ھەقتىكى ئەھۋالنى تېخىمۇ ياخشى ئىگىلەشكە تىرىشتىم. نەتىجىدە، 1983 - يىلى «مەدەنىيەت يادىكارلىقى نەشرىياتى» تەرىپىدىن 1 - قېتىم نەشر قىلىنغان، «تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان يازما يادىكارلىقلار» دېگەن كىتابنىڭ 4 - تومى، خەنزۇچە 220 -، 221 بەتلەردە «نىڭرۇڭ يېزىسى» ھەققىدىكى بايانلارنىڭ بارلىقىنى بايقىدىم. «تۇرپان يازما يادىكارلىقلىرى»دا باشقىچە تەپسىلىي بايانلار يوق، پەقەت «نىڭرۇڭ يېزىسى» ھەققىدىكى نوپۇس تىزىملىكى دېگەندەك مەزمۇنلارنىڭ بارلىقى ئېنىق.

تەھرىرى: ئابدۇقېيۇم خوجا

www.uyghurkitap.com





# «لياۋ سۇلالىسى تارىخى» دىكى بىر پارچە تېكىست ۋە قوچۇ ئۇيغۇر ئېلىنىڭ قاراقىتانلارغا بەيئەت قىلىشىدىكى سەۋەب

يۇنۇسجان ئېلى

قارا قىتانلارنىڭ شىنجاڭدا ئې-
لىپ بارغان دەسلەپكى مەزگىلدىكى
پائالىيەتلىرىگە دائىر مەلۇماتلار
كۆپرەك، «لياۋ سۇلالىسى تارىخى،
پادشاھ تيەنزۇ ھەققىدە خاتىرە» دە
ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدا ئاساسلىقى قى-
تان خانلىقى مۇنقەرز بولغاندا، قى-
تانلارنىڭ قىتان خان جەمەتىدىن
كېلىپ چىققان يولىغ تاشىنىڭ
باشچىلىقىدا غەربكە كۆچۈپ، قوچۇ
ئۇيغۇر ئېلىنىڭ زېمىنىغا كەلگەنلى-
كى ۋە قوچۇ ئۇيغۇر ئېلىنىڭ خانى
بىلگىگە نامە پۈتۈپ، ئەرەبلەرنىڭ
زېمىنىغا بېرىش ئۈچۈن يول سورى-
غانلىقىنى، بىلگەنىڭ ماقۇللۇق
بىلدۈرۈپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇنىڭغا
بەيئەت قىلغانلىقى كۆرسىتىلگەن-
دى. شۇ سەۋەبلىك كۆپلىگەن تەت-
قىقاتچىلار «لياۋ سۇلالىسى تارى-
خى» دىكى بۇ خاتىرىنى ھەم قارا
قىتانلارنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلغان-
دىن كېيىنكى تەرەققىيات جەريان-
نى ھەم قوچۇ ئۇيغۇر ئېلىنىڭ بۇ
مەزگىلدىكى سىياسىي تارىخىنى تەت-
قىق قىلىشتىكى مۇھىم مەنبە قىل-
غاندى، ھالبۇكى، بەزى ئالىملار
«بۇ تېكىست تەتقىقاتچىلارغا ئۇزۇن-
دىن بۇيان مەلۇم»[1] دەپ قاراپ،
ئۇنى مۇھىم بىر تېكىست سۈپىتىدە
تەتقىق قىلىپ ئورۇنۇپ كۆرمىگەن-
دى.

دەرۋەقە «لياۋ سۇلالىسى تارى-
خى، پادشاھ تيەنزۇ ھەققىدە خاتى-
رە» دە بېرىلگەن بۇ بايان ئىنتايىن
مۇھىم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە
بولۇپ، ئۇنىڭدا قوچۇ ئۇيغۇر ئېلى-
نىڭ قارا قىتانلارغا بەيئەت قىلىش
جەريانى بىر قەدەر ئىخچام يورۇتۇپ
بېرىلگەندى ئەمما مەسىلىنىڭ ھال-
قىلىق تەرىپى شۇكى، بۇ جەرياننى
قانداق چۈشىنىش بولغاچقا، تەتقى-
قاتچىلارنىڭ ئارىسىدا ھەرخىل تالا-
ش- تارتىشلار بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە
بۇ تۇرپان رايونىنىڭ ۋاڭ يەندى كې-
لىپ كەتكەن ئازكەم بىر يېرىم ئە-
سىر بولغان ۋاقىتتىن بۇيانقى جەر-
يانىنىڭ ئومۇمىي قىياپىتى ئىدى،
شۇڭا قوچۇ ئۇيغۇر ئېلىنىڭ XII
ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدىكى ۋەز-
يىتى بايان قىلىنىغان. بۇ خاتىرىنى
تولۇق تېكىستى بىلەن كۆرۈپ ئۆ-
تۈش تامام زۆرۈر:

uyghurkitap.com



«ياندۇرقى يىلى (1123 - يىلى) 2 - ئايدا ئۇ قارا كالا، بوز ئات ئۆلتۈرۈپ، يەر زېمىن ۋە ئەجدادلىرىغا ئاتاپ نەزىر قىلىپ، قوشۇنلىرىنى ئېلىپ، غەربكە يۈرۈش قىلىشقا تەييارلاندى. ئاۋۋال ئۇيغۇرلارنىڭ خانى بىلگىگە خەت يېزىپ مۇنداق دېدى: ئىلگىرى تەيزۇ ئاھالىلىرى شىمالغا يۈرۈش قىلىپ، بۆكە خان شەھىرىنى ئىشغال قىلغاندا، گەنجۇغا ئەلچى ئەۋەتىپ، سىزلەرنىڭ ئەجدادىڭلار ھۇمايغا: زېمىنىڭنى سېغىنىۋاتامسەن، مەن ساڭا قايتۇرۇپ بېرىمەن؛ ئەگەر سەن قايتۇرۇپ ئېلىشنى خالىمىساڭ مەن ئۇنى ئېلىكىمدە تۇتۇپ تۇرىمەن، مېنىڭ ئېلىكىمدە تۇرۇش، سېنىڭ ئېلىكىڭدە تۇرغان بىلەن باراۋەر دېگەنىدى. ئەجدادىڭلار ھۇماي بولسا تەشەككۈر بىلدۈرۈپ، بۇ جايغا كۆچۈپ كەلگەنلىكىگە ئون نەچچە ئەۋلاد بولغانلىقىنى، ئەسكەر ۋە پۇقرالارنىڭ قايتا كۆچۈشنى خالىمايدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن سىزلەرنىڭ ئېلىڭلار بىلەن بىزنىڭ ئېلىمىز بىر كۈنمۇ ئاداۋەتلىشىپ ئۆتكەن ئەمەس. ھالا بۈگۈنكى كۈنلۈكتە مەن غەربكە - ئەرەبلەرگە كېتىۋاتىمەن، سىزلەرنىڭ دۆلىتىڭلاردىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىۋاتىدۇ، سىزلەر بۇنىڭدىن ئەندىشە قىلمىسىڭلارمۇ بولىدۇ؛ بىلگە نامىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، دەرھال ئالدىغا قارشى ئېلىشقا چىقتى. [تاشىنىڭ] قارارگاھىغا كېلىپ، ئۈچ كۈن مېھماندارچىلىقتا بولدى. يۈرۈشكە ئاتلىنىش ئالدىدا [بىلگە] 600 ئات، 100 تۆگە، 3 مىڭ قويىنى [تاشىن]غا ھەدىيە قىلدى. باللىرى، نەۋرىلىرىنى گۆرۈ سۈپىتىدە قويۇپ قويدى ۋە ئۆزى ئۇنىڭ قارىمىقىدىكى ئادەم بولۇپ قالدى. [تاشىنى] ئۆز دۆلىتىنىڭ چېگرىسىغىچە ئۇزىتىپ قويدى. [تاشىن] بارغانلا يېرىدە دۈشمەنلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى. ئىتائەت قىلغانلارنى خاتىرجەم قىلدى»[2].

مېنىڭچە يۇقىرىدىكى تېكىستتە ھېچبولمىغاندا، تۆۋەندىكىدەك ئىككى مۇھىم مەسىلە ئىسپاتلاپ بېرىلگەن. ئۇنىڭ بىرى، قارا قىتانلارنىڭ غەربكە كەلگەن دەسلەپكى ھالىتىدىن ئۇلارنىڭ قوچۇ ئۇيغۇر ئېلىنى بەيئەت قىلدۇرالىشىنى ئالدىراپ دەللىللەشكە بولمايدۇ. چۈنكى يۇقىرىدىكى تېكىستتىكى مەزمۇنىنىڭ ئۇرانىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭدا بىرلا ۋاقىتتا ئەمەس، بەلكى بىر قانچە يىلدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنىڭ جەريانى ئەكس ئېتىلگەنىدى. ئىپادە قىلغان ئۇقۇممۇ بىر قەدەر مۇجمەل بولۇپ، ئەتراپلىق كۆزەتمىگەندە، كىشىگە ناھايىتى ئاسانلا قاراقىتانلار غەربكە كۆچۈپ كەلگەن دەسلەپكى مەزگىلدىمۇ، ئۇلارنىڭ كۈچى يەنىلا ئىنتايىن كۈچلۈك ئىكەن دېگەن تۇيغۇنى بېرىدۇ. ئومۇمەن بۇ خىلدىكى تەسەۋۋۇر ئۇزاقتىن بۇيان ئې-

لىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئورتاق چۈشەنچىسىگە ئايلىنىپ قالغانىدى.

تارىخنامىلەردىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، يولىغ تاشىن قىتانلاردىن ئايرىلىپ غەربكە ماڭغاندا، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى ئىنتايىن ئاز ئىدى. «لياۋ سۇلالىسى تارىخى، پادىشاھ تيەنزۇ ھەققىدە خاتىرە» دە ئۇ ئاران «200 نەپەر ئاتلىق ئەسكەر بىلەن قېچىپ كەتكەن» دېيىلگەن. جۇۋەينى بولسا «ئۇ ئەينى ۋاقىتتا قىتانلاردىن ئايرىلغاندا ئۇنىڭ بىلەن ئەگىشىپ ماڭغانلاردىن جەمەتى ۋە قول ئاستىدىكىلەردىن بولۇپ 80 ئادەم بار ئىدى»[3] دەپ كۆرسەتكەنىدى. بۇنىڭدىن بىلىنىدۇكى، يولىغ تاشىن بىلەن غەربكە كەلگەن قىتانلارنىڭ سانىنىڭمۇ چەكلىك بولۇشى بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشقانلارنىڭ تەركىبى خېلى مۇرەككەپ ئىدى. چىن دېگەن ئەپەندىنىڭ تەكشۈرۈشىگە ئاساسلانغاندا، ئۇلار تاغ- جىلغىلارنى بويلاپ شىمالغا قاراپ ئۈچ كۈن يول يۈرۈپ، قارا سۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئوڭغۇتلارنىڭ ماكانىغا يېتىپ بارغان، ئوڭغۇتلارنىڭ خانى جۇڭغۇر ئۇلارغا 400 تۇياق ئات، 20 تۆگە ۋە بىرمۇنچە قوي بەرگەن. بۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ جايدىن يەنە غەربكە قاراپ مېڭىپ، قاتۇنبالىق شەھىرىگە كېلىپ،[4] قارا قىتانلارنىڭ تارىخىدىكى مەشھۇر يەتتە ئايماق، 18 قەبىلىنىڭ ئاقساقاللار كېڭىشىنى چاقىرغان. ھەمدە بۇ قەبىلىلەرنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم توپلىغان. دېمەك، يولىغ تاشىن باشچىلىقىدىكى قارا قىتانلارغا بىرىنچى قېتىم ھازىرقى موڭغۇلىيىدىكى ئورقۇن دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى قاتۇنبالىق شەھىرىدە، ئېلگىرىكى قىتان خانلىقىغا قاراشلىق قوۋملار قوشۇلۇپ، مەلۇم دەرىجىدە كۈچ توپلىغانىدى.

يولىغ تاشىن باشچىلىقىدىكى قارا قىتانلارنىڭ ئىككىنچى قېتىم كۈچ توپلىغان جاي ئېمىل بولۇپ، ئۇلار قاتۇنبالىق شەھىرىدىن ئايرىلىپ، ئاۋۋال قىرغىزلارنىڭ زېمىنىغا بارغانىدى. بۇ ھەقتە جۇۋەينى بىرقەدەر تەپسىلىي توختىلىپ، مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار قىرغىزلارنىڭ رايونىغا يېتىپ بېرىپ، ئۇ جايدىكى قەبىلىلەرگە ھۇجۇم قىلدى، ئەمما بۇنىڭ ئەكسىچە، قىتانلار بۇ قەبىلىلەرنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇ يەردىن داۋاملىق ئالغا قاراپ مېڭىپ ئېمىلغا يېتىپ كېلىشۋالدى. ئۇلار بۇ جايدا بىر قەلئە سالدى. خارابىسى مۇشۇ كەمگىچە ساقلانماقتا. بۇ جايدىكى نۇرغۇن تۈركلەر بىلەن كۆپلىگەن قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسى كېلىپ ئۇلارغا بەيئەت قىلدى، ئۇلارنىڭ ئادەم سانى 40 مىڭ مو چېدىردىن ئېشىپ كەتتى.»[5] جۇۋەينى تەمىنلىگەن بۇ مەلۇماتتىن مەلۇمكى،

www.uyghurkitap.com



يولىغ تاشىن باشچىلىقىدىكى قارا قىتانلارنىڭ قىرغىزلار رايونىدا دۇچ كەلگەن قىسمىتى، ئۇلارنىڭ غەربكە سىلجىشىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرگەن بولۇپ، ئۇلار ئېلىمدا زور بىر قېتىملىق كۆچ تولۇقلاشنى باشتىن كەچۈرگەنىدى. بۇ يەنە شۇنىڭدىن دېرەك بېرىدۇكى، «لياۋ سۇلالىسى تارىخى، پادىشاھ تيەنزۇ ھەققىدە خاتىرە» دە بېرىلگەن تېكىستتىكى يولىغ تاشىنىڭ بىلگىگە يازغان خېتى دەل مۇشۇ جايدا يېزىلغان بولۇشى كېرەك.

بارتولد تەمىنلىگەن مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، قارا قىتانلارنىڭ تويىغا ئۈچىنچى قېتىم تەخمىنەن 16 مىڭ ئۆيلۈك ئادەم قوشۇلغانىدى. ئوخشىمايدىغىنى شۇكى، بۇ 16 مىڭ ئۆيلۈك ئادەمنىڭ ھەممىسى قىتانلاردىن بولوپ، ئىبنى ئەل ئەسىرنىڭ كۆرسىتىشىچە، ئۇلار يەتتە سۇغا سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ دەۋرىدە كېلىپ ئولتۇراقلاشقانىدى[6]. بۇ نۆۋەت يولىغ تاشىن باشچىلىقىدىكى قارا قىتانلار ئېمىلدىن قوچۇ ئۇيغۇر ئېلىنىڭ چېگرىسى ئارقىلىق بالاساغۇنغا كېلىپ، بالاساغۇن ھاكىمىيىتىنى ئىگىلمەكچى بولغاندا، ئۇلار قارا قىتانلار بىلەن بىرلىشىپ، بالاساغۇن ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارنى ئىشغال قىلغانىدى. جۇۋەينىنىڭ يېزىشىچە، قارا قىتانلار بالا ساغۇندىكى ئەفراسياپ جەمەتىنىڭ تەختىنى ئىگىلەپ، بىر مەھەل ئۆتكەندىن كېيىن قاڭقىللارنى بويسۇندۇرغاندى. ھەمدە 1133 ـ يىلى قەشقەر بىلەن ئۇدۇنغا قوشۇن ئەۋەتىپ، مەغلۇپ بولغانىدى. «كېيىن يەنە ئالدىنقى قېتىم ئۇچرىغان ئوڭۇشسىزلىقىدىن قىساس ئېلىش ئۈچۈن قىرغىزلارنىڭ ئۈستىگە بىر تارماق قوشۇن ئەۋەتكەنىدى، بېشبالىقنىمۇ بويسۇندۇرغانىدى، ھەمدە بۇ جايدىن پەرغانە بىلەن ماۋرا ئۇننەھرگە قوشۇن ئەۋەتكەنىدى»[7].

بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «بېشبالىقنىمۇ بويسۇندۇردى» دېگەن سۆز، قوچۇ ئۇيغۇر ئېلىنىڭ بېشبالىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان زېمىنلىرىنى بويسۇندۇرۇشقا قارىتىلغاندى. بۇنىڭدىن قارا قىتانلارنىڭ قوچۇ ئۇيغۇر ئېلىنى ئېمىلگە كەلگەن دەسلەپكى مەزگىلدە ئەمەس، بەلكى بىر مەھەل ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن بويسۇندۇرغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇنىڭدا قارا قىتانلارنىڭ غەربىي يۇرتتا بېسىپ ئۆتكەن مەلۇم جەريان پەرقى مەۋجۇت، بۇ جەريان پەرقى قارا قىتانلارنىڭ بىر مەھەللىك كۆچ تولۇقلاش باسقۇچىدىن ئىبارەت ئىدى. دېمەك يولىغ تاشىنىڭ «يالغاندىن قوچۇ ئۇيغۇر ئېلىنىڭ خانى بىلگىدىن يول سورىغان»[8] ۋاقتىتىن، بىلگىنىڭ يولىغ تاشىنغا بەيئەت قىلىشىغىچە بولغان ئارىلىقتا بىرقانچە يىل ئۆتكەنىدى. بۇ جەرياندا قوچۇ ئۇيغۇر ئېلى، قارا

قىتانلارنىڭ غەربى يۇرتتا كەينى -
كەينىدىن قازىنىۋاتقان غەلىبىسىگە
نىسبەتەن ھېچقانداق گۇمانى تۇيغۇدا
بولمىغانىدى. بۇ ئەھمىيەت بېرىشكە
تېگىشلىك تەرەپ بولۇپ، بۇنى «ل-
ياۋ سۇلالىسى تارىخى، پادىشاھ
تيەنزۇ ھەققىدە خاتىرە» دىكى تې-
كىستتە ئەكس ئېتىلگەن بىلگىنىڭ
خاتىرجەملىك تۇيغۇسىدىن تامامەن
چۈشىنىشكە بولىدۇ.

«لياۋ سۇلالىسى تارىخى، پادى-
شاھ تيەنزۇ ھەققىدە خاتىرە» دە
ئىسپاتلاپ بېرىلگەن ئىككىنچى بىر
مەسىلە، قوچۇ ئۇيغۇر ئېلىنىڭ
باشقا بىر ھاكىمىيەت بىلەن بولغان
مۇناسىۋىتى بولۇپ، بۇ دەل بىلگى-
نىڭ خاتىرجەملىك تۇيغۇسى ئارقى-
لىق يورۇتۇپ بېرىلگەنىدى. مەن
يۇقىرىدىكى تېكىستنىڭ ھالقىسى
مۇشۇ يەردە دەپ قارايمەن. شۇنىڭ-
دەك ئۇنىڭدا يەنە ئەينى ۋاقىتتا قو-
چۇ ئۇيغۇر ئېلى دۆچ كەلگەن ئىج-
تىمائىي ۋە تارىخىي سەۋەبلەرمۇ
ئەكس ئېتىلگەنىدى.

«لياۋ سۇلالىسى تارىخى، پادى-
شاھ تيەنزۇ ھەققىدە خاتىرە» دە بې-
رىلگەن يۇقىرىدىكى تېكىستتە، قو-
چۇ ئۇيغۇر ئېلىنىڭ بۇ مەزگىلدىكى
خانى بىلگىنىڭ نېمە سەۋەبتىن قارا
ىتانلارغا بەيئەت قىلغانلىقى مەلۇم
بولمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا
ئالاھىدە بىر خىل مۇناسىۋەتنىڭ
مەۋجۇتلۇقىدىن دېرەك بېرىلگەنى-
دى. بولۇپمۇ بۇنىڭدىكى يولىغ تا-
شىنىڭ بىلگىگە ئېيتقان «سىزلەر-
نىڭ دۆلىتىڭىزلاردىن ئۆتۈشكە توغ-
را كېلىۋاتىدۇ، سىزلەر بۇنىڭدىن
ئەندىشە قىلمىسىڭىزلارمۇ بولىدۇ»
دېگىنىدىن يولىغ تاشىن باشچىلى-
قىدىكى قارا قىتانلارنىڭ بىلگە باش-
چىلىقىدىكى قوچۇ ئۇيغۇر ئېلىدىن
پايدىلىنىشنى كۆزلىگەنلىكى بىلى-
نىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە قوچۇ ئۇيغۇر
ئېلىنىڭمۇ يېڭىدىن كەلگەن بۇ
كۆچمەنلەرنىڭ نىشانىنى باشقا جايغا
قارىتىشى ياكى ئۇلارنى ئىتتىپاقچى
قىلىپ، قانداقمۇ بىر خىل كۈچنىڭ
تەھدىتىگە تاقابىل تۇرۇشنى مەق-
سەت قىلغانلىقىدىن ئىبارەت باشقى-
چە بىر ئىستىكىنىڭ بارلىقىمۇ ئى-
پادە قىلىنغانىدى. مەسىلەن: قارا
قىتانلارنى ئېمىلدىن بالاساغۇنغا
تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ بارغان بالا-
ساغۇننىڭ ھۆكۈمرانىنى ئېلىپ
ئېيتساق، گەرچە ئۇ ئەفراسىياپ
جەمەتىدىن بولسىمۇ، ئۇ جايدىكى
قارلۇقلار بىلەن قاڭقىللارنى تىز-
گىنلىيەلمىگەچكە، يولىغ تاشىنىنى
ئۆزىنىڭ بىردىنبىر قۇتقۇزغۇچىسى
دەپ قاراپ، پۈتكۈل ئېلىنى ئۇنىڭغا
تاپشۇرغانىدى. قارىماققا بۇ جۈۋەي-
نى ئېيتقاندەك «ئەلنىڭ غېمىنى
قايتا قىلىشتىن قۇتۇلۇش» پسىخى-
كىسى بولسىمۇ، ھەرگىز دوكتور
خاندا تورۇ ئېيتقاندەك ياۋاش بىر
پادىشاھنىڭ ئوبرازى ئەمەس ئى-
دى.[9]. بەلكى ئىككى تەرەپنىڭ كې-
لىشىپ ئېلىپ بارغان ھەرىكىتى-

ئۇيغۇر كىتاب تورىيىقى www.uyghurkitap.com



نىڭ مۇئەييەن نەتىجىسى ئىدى. ما-
نا مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا،
قارا قىتانلار ئىمىلغا كەلگەن ۋاقىت-
تىن، بېشبالىقنى بويسۇندۇرغۇ-
چە بولغان مەزگىلدە ئۇلار بىلەن
قوچۇ ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا
مەلۇم سىياسىي مەقسەتتى چۆرىدەپ
ئېلىپ بېرىدىغان ئىتتىپاق ئاساسىي
ئورۇندا تۇرغان بولۇشى مۇمكىن،
ئىلگىرىكىلەردىن ل. ن گومىلىيوف
بىلگىنىڭ يولىغ تاشىن ۋە ئۇنىڭ
ھەمراھلىرىنى ئوزۇق ـ تۈلۈك ھەم
ئۇنىڭ قوشۇنىنى دالا باتۇرلىرى بىـ-
لەن تولۇقلاپ بەرگەنلىكىنى تىلغا
ئېلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«پەقەت ئۇيغۇرلارلا بۇ قېچىپ
كەلگەن گۆرخاننى ئۆزلىرىنىڭ [1]
پايتەختى بېشبالىقتا قوبۇل قىلىپ
ئۇنى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى ئو-
زۇق ـ تۈلۈكلەر بىلەن تەمىنلىدى.
ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ھەربىي قوشۇنلى-
رىنى قايتىدىن تەشكىللىۋېلىشىغا
ئىمكان بەردى، كېيىن ئۇنىڭ قو-
شۇنىنى دالا باتۇرلىرى بىلەن تولۇق-
لاپ بەردى. بۇنىڭ بەدىلىگە ئۇي-
غۇرلار ھەرقانداق بىر تىجارەتچى
ئۈچۈن لازىم بولىدىغان نەرسىنى
قولغا كىرگۈزدى. ئۇلارنىڭ ئۆزلى-
رىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدايدۇ دەپ
كۈتۈرۈپ قويغان بۇ ئادىمى ئۇيغۇر-
لارنىڭ سەمەرقەنت، پەرغانە، قەش-
قەر ۋە خوتەندىكى رىقابەتچىلىرىنى
كارۋان ۋەيران قىلىپ بەردى. كار-
ۋان سودىسىدا مونوپولىيىنى يولغا
قويدى. كارۋان جىڭىدىن كېيىن،
ئۇيغۇرلارنىڭ سودا شەھەرلىرىنىڭ
گۈللەپ ياشنىشى باشلاندى»[10].

گومىلىيوفتىن سىرت بۇ مەسى-
لە توغرىسىدا ئىلگىرىكىلەردىن يەنە
مىنورىسكىمۇ توختىلىپ ئۆتكەنى-
دى. مەسىلەن: «ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ
ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ھەر قانداق
بىر ھاكىمىيەت بىلەن توقۇنۇشۇپ
قالمىغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ، شۇ-
نىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇيغۇرلار قارا قىتاي-
لارنىڭ زەربىسىنى ئۆزلىرىنىڭ مۇ-
سۇلمان رىقابەتچىلىرىگە ئوتتۇرا ئا-
سىيا تەرەپكە بۇراپ قويدى»[11] دەپ
تەشەببۇس قىلغانىدى. لېكىن ئا،
گ. مالياۋكىننىڭ قارىشى سەل
باشقىچىرەك بولۇپ، ئۇ گومىلىيوف
قاتارلىقلارنىڭ قارىشىنى تەنقىد
قىلىشنىڭمۇ لازىمى يوق» دەپ قارى-
غان بولسىمۇ، قوچۇ ئۇيغۇر ئېلى-
نىڭ قارا قىتانلارغا بەيئەت قىلىشى-
نىڭ سەۋەبىنى ھەربىي قۇدرىتىنىڭ
ئاجىزلىشىشى ۋە ئىجتىمائىي تو-
زۇلمىنىڭ بۇزۇلۇشى بىلەن مۇنا-
سىۋەتلىك دەپ مۇنداق يازغانىدى:

«ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ
ئېيتقاندا، كۆچمەنلەر جەمئىيىتىدە
نىسبەتەن بىر خىل بولغان ئىجتىما-
ئىي تۈزۈلمە بۇزۇلۇشقا باشلىدى.
XIII ئەسىرنىڭ بېشىغا كەلگەندە، بۇ

①گۆرخان ـ قىتان خانى يولىغ تاشىن مۆرخان دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

جەريان راۋاجلىنىپ، شۇنچىلىك
دەرىجىگە يەتكەنكى، كۆچمەنلەر ئاتـ
لىق قوشۇنلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىقىغا
ئۆز تەسىرلىرىنى كۆرسەتتى.
شۇڭلاشقا توققۇز ئوغۇزلار يېلۋي
داشىن (يولىغ تاشىن) غا قارشىلىق
قىلىشقا تەۋەككۇلچىلىك قىلالمىـ
دى.»[12]

قوچۇ ئۇيغۇر ئېلىنىڭ قارا قىـ
تانلارغا بەيئەت قىلىشىنىڭ سەۋەبـ
ىنى مۇنداق چۈشەندۈرۈش تۈپ نۇقـ
تىدىن ئالغاندا، ئوتتۇرا ئەسىردىكى
فېئودال خانلىقلارنىڭ مۇنقەرز بو-
لۇش سەۋەبىدىكى ئابستراكت سە-
ۋەبلەر جۈملىسىدىن ئىدى. لېكىن
شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش ھاجەتـ
كى، بۇنىڭدا مىنورىسكى ئىنتايىن
مۇھىم بىر نۇقتىغا دىققەت قىلغان
بولۇپ، ئۇ كۆزدە تۇتقان قوچۇ ئۇيـ
غۇر ئېلىنىڭ «قاراقىتانلارنىڭ
زەربىسىنى ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمان
رىقابەتچىلىرىگە بۇراپ قويۇش» ھە-
قىقەتەن ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىيـ
دۇ.

تارىخنامىلەردىكى خاتىرىلەرگە
ئاساسلانغاندا، قوچۇ ئۇيغۇر ئېلىـ
نىڭ مۇسۇلمان رىقابەتچىلىرى دەل
ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلغان
قاراخانىيلار خانلىقى ئىدى. ھالبۇ-
كى، «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى،
ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دە تىلغا
ئېلىنغان «دەسلەپتە ئۇيغۇرلار
غەربكە كۆچكەندە، قەبىلىلىرى تا-
راپ كەتتى، ئۇلاردىن گەنجۇدا بىر
خان بار، غەربىي ئايماقتا بىر قاغان
بار، شىنخۇجۇ (ئۇدۇن) دا قاراخان
دېگەن بىرى بار»[13] دېگەن ئېنىقلىـ
مىدىن قارىغاندا، قوچۇ ئۇيغۇر ئېـ
لى بىلەن قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ
ھەر ئىككىسى ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە
كۆچۈشىنىڭ مەھسۇلى ئىدى. دەسـ
لەپتە ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى
مۇناسىۋەتمۇ، بىر پۈتۈنلىكە ئىگە
بولۇپ، بېشبالىق شەرقتە شاجۇ-
دىن غەربتە نۇچ بارسغانغىچە
بولغان جايلارغا قارىتا ئۆزىنىڭ
مېتروبولىيىلىك فۇنكسىيىسىنى
يۈرگۈزەتتى. بۇ چۈشەنچە قوچۇ
ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆز ھاكىمىيىتىـ
نىڭ قۇدرىتى توغرىسىدىكى قاراشـ
لىرىدا ناھايىتى ئېنىق گەۋدىلەنگەن
بولغاچقا، بۇ نۇقتىغا بەزى ئالىملار
خېلى بۇرۇنلار ئەھمىيەت بەرگەنـ
دى. مەسىلەن: ئابىتاكىئو شۇنداق
قارىغۇچىلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ
تۆۋەندىكىدەك يەكۈن چىقارغانىدى:

«بالاساغۇن ھاكىمىيىتى ئەسـ
لىدە بېشبالىق خانلىقىنىڭ سۇيۇرـ
غاللىقى ئىدى، يەنى ileK ياكى iliK
نامىغا ئىگە دېھقان (dihqan) لىق
دۆلەت ئىدى. ھالبۇكى، 960 -
يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە ئىسلام
دىنىغا ئېتىقاد قىلدى، پەقەت بېشبا-
لىقنىڭ خان جەمەتىدىكىلەرلا داۋامـ
لىق مانى دىنى ياكى بۇددا دىنىدىكى
ئېتىقادىنى ساقلاپ قالدى، بۇ مۇقەر-
رەر ھالدا ئىككىسىنىڭ سىياسىي
جەھەتتىكى بۆلۈنۈشىگە سەۋەب بولـ

دى. شۇنداق قىلىپ، IX ئەسىرنىڭ دەسلەپكى ئون يىلىدا، بالاساغۇن هاكىمىيىتى غەربتە ماۋرائۇننەھر رايوننى ئىشغال قىلىۋالدى، جەنۇبتا بۇددا ئېلى بولغان ئۇدۇننى قولغا كىرگۈزۈۋالغاندىن كېيىن، ئۆزىنى تېخىمۇ كۆرسەتتى. بولۇمۇ ئۇدۇننىڭ سۈيۈرغال بېگى خېلى بۇرۇنلار ئۆزىنى قاراخان دەپ ئاتايدىغان بولدى. ئۇ ناھايىتى تېزلىكتە قەشقەرنى ئىشغال قىلىۋالغاندىن كېيىن ئارقىدىنلا بالاساغۇننىمۇ تارتىۋالدى، نەتىجىدە بۇ ئون يىلدا غەربىي ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ شەرق ۋە غەربىي قىسمىدا بۆلۈنۈش ۋەزىيىتى كېلىپ چىقىپ، قىتانلاردىن ياردەم ئالغان بېشبالىق قوشۇنلىرىنىڭ كەڭ - كۆلەملىك ھۇجۇمى يۈز بەردى. بالاساغۇن سۈيۈرغال بېگىنىڭ، ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن بۇ قوشۇن تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىشى ۋە زەربىگە ئۇچرىشى ئارقىسىدا، ئىككىسى پۈتۈنلەي بۆلۈنۈپ كەتتى».

بۇنىڭدىكى «قىتانلاردىن ياردەم ئالغان بېشبالىق قوشۇنلىرىنىڭ كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇمى يۈز بەردى» دېگەن سۆز، «لياۋ سۇلالىسى تارىخى، شىڭزۇڭ ھەققىدە خاتىرە» دە تىلغا ئېلىنغان «ئارسلان ئۇيغۇرلىرى قوشنا ئەلنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاچقا، ئەلچى ئەۋەتىپ ياردەم تەلەپ قىلدى»[14] دېگەن تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشكە قارىتىلغاندى، يەنى قوچۇ ئۇيغۇرلىرى IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، قارا خانىيلار قوشۇنلىرىنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاچقا، قىتان خانلىقىدىن ياردەم تەلەپ قىلغانىدى، ھەمدە شۇنىڭدىن كېيىن ئىككى تەرەپنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇزاق مۇددەتلىك تىركىشىش ۋەزىيىتى كېلىپ چىققانىدى، قىسقىسى، قوچۇ ئۇيغۇر ئېلى بىلەن قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دۈشمەنلىك، ئىسلام دىنى شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرگەندىن كېيىن روشەنلەشكەن بولۇپ، IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە ئىنتايىن كەسكىنلەشكەنىدى. بۇ جەرياندا قاراخانىيلار غازات ئۇقۇمىنى سۈيۈرغاللىق ئۇقۇمىدىن ئۈستۈن قويۇپ، قوچۇ ئۇيغۇر ئېلىغا قارىتا زور خەۋپ تۇغدۇرغانىدى. مەھمۇد كاشغەرىنىڭ بەرگەن مەلۇماتلىرى بىلەن بەزى تەزكىرىلەردىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ قوشۇنلىرى قوچۇ ئېلىنىڭ قولىدىن ئېلى - مىڭلاق ۋادىسى بىلەن ئىككى ئۆگۈز ۋادىسىنى تارتىۋالغانىدى. بولۇپمۇ قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە خانلىقنىڭ قوشۇنلىرى غەربتە تاكى ئۇرۇمچى ئەتراپىغىچە ئىچكىرىلەپ بارغانىدى. ھەتتا بىر مەھەل قوچۇ ئۇيغۇر ئېلىنىڭ قاراخانىيلار خانلىقىغا يېقىن جايدىكى زېمىنلىرى كۇچا بىلەن كورلا ئەتراپىدىكى جايلارنى ئىشغال قىلىۋالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسلام دىنى-

نىڭ سىڭىپ كىرىشىمۇ زور تەھدىت بولغاچقا، قوچۇ ئۇيغۇرلىرى خۇددى قاراخانىيلار خانلىقىدىكىلەر ئۇلارغا ئەشەددىي «تاتلار» دەپ قارىغاندەك تونۇشتا ئىدى. بۇ سۆزسىزكى، ئىككى خىل ئىدېئولوگىيە سىستېمىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە خەلقلەر توپىنى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل دۈشمەن لاگېرىغا ئايرىۋەتكەنلىك ئىدى[5].

دېمەك يۇقىرىقى تەھلىللەردىن شۇ نەرسە ئايانكى، قىتانلارنىڭ غەربكە كېلىشى ۋە يولىغ تاشىنىڭ قوچۇ ئۇيغۇر ئېلىنىڭ خانى بىلگەدىن مەدەت تىلىشى، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ مۇددىئاسىنىڭ ئوخشىماسلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. لېكىن قوچۇ ئۇيغۇر ئېلىنىڭ تاللىشى، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانى بىلگىنىڭ خاتا مۆلچەرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ، ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ئالغاندا، قارا قىتانلارنىڭ كۈچىنى ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمان رىقابەتچىلىرى بولغان ـ قاراخانىيلار خانلىقىغا قارىتىشتا مۇئەييەن نەتىجىگە ئېرىشكەنىدى. شۇنىڭدەك ۋاقىت جەھەتتىمۇ بىر قەدەر كېچىكىپ بەيئەت قىلغان بولۇپ، پەقەت قاراقىتانلار بېشبالىققا قوشۇن ئەۋەتكەندىن كېيىنلا ئاندىن بويسۇنغانىدى. بۇ خىلدىكى بويسۇنۇشمۇ ئەمەلىيەتتە موڭغۇللار باش كۆتۈرۈپ چىققان دەۋردىكى بارچۇق ئارت تېكىننىڭ پۇرسەت كۈتۈشىدەك خاراكتېرگە ئىگە ئىدى. شۇڭا قوچۇ ئۇيغۇر ئېلى قارا قىتانلارغا ھەممىدىن بۇرۇن بەيئەت قىلغان دېگەندىن كۆرە، قارا قىتانلاردىن پايدىلىنىپ مەقسىتىگە يېتەلمەي، يولىغ تاشىنىڭ كۆپ تەرەپلىمە تالانتى تۈپەيلىدىن بىر مەھەل ئۆتكەندىن كېيىن قورال كۈچى بىلەن بويسۇندۇرۇلغان دېگەن تۇزۇك.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ پاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى)

---

① ئا. گ مالياۋكىن «IX — XI ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى» ئۇيغۇر سايرانى تەرجىمىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 303 ـ، 332 ـ بەت.

② «لياۋ سۇلالىسى تارىخى، پادشاھ تيەنزۇ ھەققىدە خاتىرە» IV ، 30 ـ جىلد.

③ جۇۋەينى «تارىخىي جاھان كۇشاي» ئىنگلىزچە تەرجىمىسى I توم 354 ـ، 355 ـ، 356 ـ بەتلەر، ۋاڭ جىڭلەي يازغان «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدىن تېزىسلار» دا كەلتۈرۈلگەن نەقىل، خۇنەن مائارىپ نەشرىياتى 1968 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 387 ـ، 388 ـ، 389 ـ بەتلەر.

④چېن دېجى «يوللىغ تاشىنىڭ شىمالغا يۈرۈش قىلىشىدىكى تارىخ جۇغراپىيىگە دائىر بايانلار توغرىسىدا مۇھاكىمە، «تارىخ جۇغراپىيە» ژۇرنىلى 1982 ـ يىللىق 2 ـ سان.

⑤ جۇۋەينى «تارىخىي جاھان كۇشاي» ئىنگلىزچە تەرجىمىسى I توم 354 ـ، 355 ـ، 356 ـ بەتلەر، ۋاڭ جىڭلەي يازغان «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدىن تېزىسلار» دا كەلتۈرۈلگەن نەقىل، خۇنەن مائارىپ نەشرىياتى 1968 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 387 ـ، 388 ـ، 389 ـ بەتلەر.

ئاخىرى 5 ـ بەتتە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# گۇاجۇ ئايمىقىغا ماكانلاشقان ئۇيغۇر پۇقرالىرى ھەققىدە نەق مەيداندا ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈش خاتىرىسى

شى شاڭجۇڭ

## شەرققە كۆچكەنلەرنىڭ سەر داری ــ ئىمىن خوجا

چىڭ سۇلالىسى يۇڭجېڭنىڭ
10 ـ يىلى (مىلادى 1732 ـ يىلى)
ئىمىن خوجا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىد-
سىتراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشى
بويىچە، تۇرپاندىن 10 مىڭدىن ئار-
تۇق ئۇيغۇرنى باشلاپ يۇرتىدىن ئاي-
رىلىپ، جاپا ـ مۇشەققەتتە 1000
كىلومېتىردەك يول يۈرۈپ، شەرق-
قە يەنى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى-
نىڭ گۇاجۇ ئايمىقىغا كۆچۈپ بار-
غان، بۇ جۇڭغارلىكى سۋان ئارابدان-
نىڭ بۆلۈنۈش قارا نىيىتىنى بىت-
چىت قىلىش ئۈچۈن قوللانغان ھەق-
قانىي ھەرىكەت.

ئۇزۇلمەي بولۇۋاتقان ئۇرۇش
مالىمانچىلىق ۋە پاراكەندىچىلىك
تۇرپاندىكى ھەرمىللەت خەلقىگە ئې-
غىر ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنى ئېلىپ
كەلدى. بولۇپمۇ كاڭشىنىڭ ئاخىر-
قى يىللىرىدا ئىمىن خوجا پىچاننىڭ
ھاكىمبېگى سالاھىيىتى بىلەن چىڭ
سۇلالىسىغا بەيئەت قىلغاندىن كې-
يىن، جۇڭغار قەبىلىسى كاتتىۋاش-
لىرى تۇرپاننى بۆلۈشۈۋېلىشنى
ئىشقا ئاشۇرۇشىدىكى بىر زور پۇت-
لىكاشاڭ دەپ قاراپ، تۇرپانغا كۆپ
قېتىم قورشاپ ھۇجۇم قىلىدۇ ھەم
پاراكەندىچىلىك سالىدۇ. ئىمىن
خوجا ۋەتەننى سۆيۈش، خەلقنى
قوغداش ئىرادىسى بىلەن باتۇرانە
جەڭگە ئاتلىنىپ، كۆپ قېتىم غەلى-
بە قىلىدۇ. چىڭ سۇلالىسى تۇرپان-
نى قوغداپ قېلىشتا چىڭ تۇرىۋەر-
سە قىيىنچىلىقنىڭ زور ئىكەنلىكى-
نى، كۆپ بەدەل تۆلەيدىغانلىقىنى،
تۇرپان رايونىدىن ۋاز كەچسە قاق-
شاتقۇچ ئۈچ ئېلىشقا ئۇچرايدىغانلى-
قىنى ئېنىق پەملەيدۇ. شۇڭا، يۇ-
تۇن خەلقنى شەرققە كۆچۈرۈپ،
يۇرسەت پىشىپ يېتىلگەندىن كې-
يىن، غەربىي، يۇرتىنكى يەرلەرنى
قايتىدىن جەڭ ئارقىلىق ئۇزۇل ـ
كېسىل تارتىۋېلىپ، شىنجاڭنى
بىرلىككە كەلتۈرۈشنى قارار قىلى-
دۇ. تۇرپان خەلقىنىڭ شەرققە
كۆچكەنلىكىنى چىڭ سۇلالىسىنىڭ
غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈ-
رۈپ، شىنجاڭ ئۆلكىسى قۇرۇلغانغا
قەدەر بولغان ۋاقىتنى ھېسابلىغاندا
دەل بىر يېرىم ئەسىرگە توغرا كې-
لىدۇ. ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈ-
رۈشتىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ ئىش ئا-
خىر تارىخ سەھىپىسىدىن ئورۇن ئا-
لىدۇ. ئىمىن خوجىدىن ئىبارەت بۇ

ۋەتەن سۆيەر ئىنانچىخانمۇ چىلڭ سۇ-
لالىسى تەرىپىدىن ئەتىۋارلاپ ئىش-
لىتىلىدۇ. ئۇنىڭ تۆھپىسى جۇڭگو
تارىخىغا يېزىلىدۇ.

ئىمىن خوجا ئۇيغۇر ئاقسۆڭەك
ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان بو-
لۇپ، بىرقانچە ئەۋلادقىچە پىچان ۋە
لۈكچۈننى باشقۇرۇپ كەلگەن. ئۇ
چىلڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن ئەتىۋار-
لاپ ئىشلىتىلگەندىن كېيىن، غەر-
بىي يۇرتنى بۆلۈشۈش ۋە كېڭەيمىچى
كۈچلەرنى بېسىقتۇرۇش يولىدا ئىل-
گىرى - كېيىن نۇرغۇن جەڭلەردە
تۆھپە ياراتقان. ئۇنىڭغا چىلڭ خاند-
دانلىق ئوردىسى ئىنانچىخان دېگەن
نام بېرىپ، ئەسكەر باشلاپ يەكەننى
ساقلاشقا ئەۋەتكەن. ئىمىن خوجا يە-
كەندە تۇرغان چاغدا زېمىننى،
خەلقنى ياخشى قوغداپ، جاپا چې-
كىپ زور خىزمەت كۆرسەتكەچكە،
چىلڭ سۇلالىسى ئۇنىڭ رەسىمىنى
سىزدۇرۇپ زىگۋاڭگى (بىنەپشە-
نۇر) راۋىقىغا ئېسىپ قويغان.
چيەنلۇڭ خان سۆيۈنۈپ، ئۆزى قە-
لەم تەۋرىتىپ، ئۇنى ماختاپ تۆۋەن-
دىكى نەزمىنى پۈتكەن:

جەمەتىكى تۇرپاندىن،
بۇرۇنلا توغرا يول تۇتقان.
ھەربىي ئىشتا ھەمدەم بوپ،
كۆپلەپ ھەسسە كۈچ قوشقان.

ھال ئەھۋالى ئۇيغۇرنىڭ،
بىر ئوبدان تونۇش ئاڭا.
تۆكەر ئىچىدىكىنى،
ساپ ۋىجدانلىق قەتئىي راسا.

ئىمىن خوجىنىڭ 10 مىڭدىن
ئارتۇق تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنى باشلاپ
بۇنىڭدىن 260 نەچچە يىل ئىلگىرى
شەرققە كۆچۈپ گەنسۇنىڭ گۇاجۇ
ئايمىقىغا بارغانلىقى، سەككىز مىڭ-
دىن ئارتۇق كىشىنىڭ ماكانلىشىش
ئەھۋالى ھەمدە 1755 - يىلى تۇر-
پانغا قايتىپ كېلىشتىن ئىلگىرىكى
23 يىللىق تۇرمۇش ئەھۋالىنى ئې-
گىلەش ئۈچۈن پىچان ناھىيىلىك
سىياسىي كېڭەش ۋە ناھىيىلىك تەز-
كىرە تۈزۈش كومىتېتى خېلى يىل-
لار بۇرۇنلا گەنسۇ ئەنشى (قەدىمكى
گۇاجۇ ئايمىقى) گە بېرىپ نەق مەي-
داندا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشنى
پىلانلىغانىدى. 1997 - يىل 10-
ئاينىڭ ئاخىرى پىلان رېئاللىققا ئاي-
لاندى. ھەمدە ئەنشى ناھىيىلىك
سىياسىي كېڭەش، جيۇچۈەن شەھەر-
لىك سىياسىي كېڭەشنىڭ بار كۈچى
بىلەن قوللىشىغا ئېرىشتۇق؛ ئەنشى
ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش ئىشخا-
نا مۇدىرى دەي سىڭپىڭ، تارىخىي
ماتېرىياللار تەھرىرى لاۋجاڭ قاتار-
لىق يولداشلارنىڭ ھەمراھلىقىدا بىز
قەدىمىي گۇاجۇ شەھىرى، باش قەل-
ئە، قوغداش گازارمىسى ۋە قەدى-
مىي سوياڭ شەھىرىنىڭ خارابىسى-
نى نەق مەيدانغا بېرىپ تەكشۈر-
دۇق. ساھىبخان بىزنى ئىمكانىيەت-
نىڭ بارىچە ماتېرىيال ۋە يىپ ئۇچى
بىلەن تەمىن ئەتتى. جيۇچۈەن شە-
ھەرلىك مۇزېي بىزنى قىممەتلىك

«تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن گەنسۇ ئايماقلىرىنىڭ يىپەك تەزكىرىسى» ناملىق كىتاب بىلەن تەمىنلىدى. كىتابتا شەرققە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى مەخسۇس خاتىرىلەنگەن بولۇپ، مەزمۇنى تولىمۇ تەپسىلىي ئىكەن.

## قەلئە ۋە ئۆي سېلىپ ماكانلىشىپ ئىگىلىك تىكلىمەك

شەرققە كۆچۈپ بارغان ئۇيغۇرلار گۇاجۇ ئايمىقىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلغاچقا تېخىمۇ نامراتلىشىپ، كىشىلەر قەلبى داۋالغۇپ قالىدۇ. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بۇ ئىشقا قاتلامۇ — قاتلام ئەھمىيەت بېرىدۇ. كونكرېت ئىشلارغا ئەنشى مەھكىمىسىدىن ھەربىي لاۋازىمەت ئەمەلدارى ۋاڭ چوەنچىڭنى مەسئۇل قىلىدۇ. كىشىلەر كۆڭلىنى تىنچلاندۇرۇشتىكى ئاچقۇچلۇق تەدبىر — كۆچۈپ كەلگەنلەرگە يەر بۆلۈپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ تۇرارجاي قورۇلۇشى ئېلىپ بېرىشكە شارائىت يارىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت. كۆچۈپ كەلگەنلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن دېھقانلار بولغاچقا يەر - جان دېمەكتۇر، يەر بولسىلا ئائىلە قۇرغىلى بولىدۇ، ئائىلە بولسىلا كۆڭۈل ئىمىن تاپىدۇ دەپ ھېسابلايدۇ.

ئون مىڭلىغان تۇرپان ئۇيغۇرلىرى چىڭ سۇلالىسىنىڭ مەقسىكى بويىچە شەرققە كۆچكەچكە چىڭ سۇلالىسى بۇ ئىشنى «قاراقچىلاردىن ساقلىنىپ، چېگرىنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش» تىن ئىبارەت بىر چوڭ ئىش سۈپىتىدە تۇتۇپ، كۆپ قېتىم يارلىق چۈشۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بارىدۇ. ئالدى بىلەن خەلق ئاممىسىغا: ئېلان ئارقىلىق غالدان سېرىن ئاتا، بالىنىڭ ياۋۇزلۇقتا ئۇچىغا چىقىپ، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا زورلۇق، شۇملۇق ئىشلىتىپ، ۋەتەنگە سادىق ۋەزىر - ئۆلىمالارنى ئۆلتۈرۈپ، . . . . . قەبىلىلەرنى بۇلاپ، چېگرىغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن پۇرسەت كۈتۈۋاتقانلىقىنى، شۇڭا دۆلەتنىڭ نائىلاج كۈچ ئىشلەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى . . . . . ئۇقتۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن شەرققە كۆچكەن خەلق ئاممىسى گۇاجۇغا كەلگەندىن كېيىن «كەڭرەك، تولۇق ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھەممە كىشىنى چوقۇم ياخشى تۇرمۇش شارائىتىغا ئىگە قىلىش» نى قايتا - قايتا تەكىتلەيدۇ. بولۇپمۇ ماكانلاشتۇرۇش نۇقتىسىدا چىڭ سۇلالىسى ئالدى بىلەن تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ. يەرلىك ھۆكۈمەت شەرقتىن كۆچۈپ كەلگەنلەرنى سۇجۇنىڭ ۋاڭزىجۇاڭ دېگەن يېرىگە ماكانلاشتۇرۇش تەكلىپىنى بەرگەن بولسىمۇ چىڭ خاندانلىقى ئوردىسى ئۇنى ئۆزگەرتىپ ئېنىق ھالدا «سۇجۇ ئايمىقىدىكى ۋاڭ زىجۇاڭنىڭ سۈيى قىس، تېرىقچىلىق قىلىشقا

باب كەلمەيدۇ، گۇۋاجۇ ئايمىقىنىڭ يېرى مۇنبەت، سۈيى مول هاۋا كېلىماتى ياخشى، تۇرپانلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلىدىكى يۇرتىنىڭ شارائىتى بىلەن ئوخشاپ كېتىدۇ» دەپ يارلىق چۈشۈردى.

بىز تەكشۈرۈش جەريانىدا تۇرپان، گۇاجۇ ئىككى جاينىڭ «شارائىتىنىڭ ھەقىقەتەن ئوخشاپ» كېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇق. ئەنشى ناھىيىسىنىڭ يەر شەكلى، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى ۋە هاۋا كىلىماتى تۇرپانغا بەك ئوخشايدىكەن. گۇاجۇدىن تاتلىق قوغۇن چىقىدىكەن، تۇرپان ئويمانلىقىدىنمۇ قوغۇن چىقىدۇ، ئىككى جاينىڭ قوغۇنى ھازىرغىچە دۇنياغا داڭلىق. ھەتتا جايلارنىڭ يەرناملىرىمۇ شىنجاڭ بىلەن ئوخشاپ كېتىدىكەن. «پوچىڭزا»، «چاۋزى»، «سەنداۋگو» قاتارلىق يەر ناملىرى شىنجاڭنىڭكىگە ئوخشاش ئىكەن. ئەنشىدىكى يۇگۇ (سېرىق ئۇيغۇر) مىللىتى بىلەن ئۇيغۇر مىللىتى ئوخشاشلا قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادى بولۇپ، بىزنىڭ كىچىك ماشىنىنىڭ شوپۇرى (ئۇيغۇر) سوياڭ شەھىرىنىڭ قەدىمكى خارابىسىدا يۇگۇ مىللىتىدىن بولغان بىر قىز بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا بەش ئالتە ئېغىز سۆزلىشىۋىدى، ئۇ قىز بىر نەچچە ئېغىزنى چۈشەنگەنلىكىنى ئېيتتى. بۇ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ نەقەدەر يېقىنلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ماتېرىيالدا خاتىرىلىنىشىچە، ئەينى ۋاقىتتا گۇاجۇ ئايمىقى ھۆكۈمىتىنىڭ شەرققە كۆچكەن خەلقنى بەش قەلئەگە ماكانلاشتۇرۇشىدىكى ئاساسى سەۋەب «ئۇيغۇر پۇقرالىرى بىر جايغا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشسا، تېرىقچىلىق ئىشلىرىدا قىيىنچىلىق تۇغۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئايرىم - ئايرىم بەش قەلئە قۇرۇپ، ئۇلارنى قەلئەلەرگە ئايرىلاشتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرۇش لازىم» ئىكەن. بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان «ئايرىلاشتۇرۇپ ئولتۇراقلاشتۇرۇش» شەرققە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنى يەرلىك خەلق بىلەن ئايرىلاشتۇرۇپ ئولتۇراقلاشتۇرۇش بولماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ تۇرپاندا تۇرغان چاغدىكى ئولتۇراقلىشىش رايونى بويىچە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە قوشنا ياكى ئۆز مەھەللىسىدىكىلەرنى بىر يەرگە ئولتۇراقلاشتۇرۇش ئىكەن. بەش قەلئەنىڭ كۆلىمى ئاساسى جەھەتتە شۇ قەلئەگە ئورۇنلاشقان ئاھالە سانى بويىچە بېكىتىلىپتۇ.

ئەينى ۋاقىتتا گۇاجۇ ئايمىقىغا ئەمەلىي كۆچۈپ بارغان ئاھالە سانى مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «ئۇيغۇر پۇقرالىرىنىڭ ھەقىقىي سانىنى تەكشۈرگەندە جاساق بېگىنىڭ توققۇز نوپۇسىدىن باشقا 2387 ئۆيلۈك، 8113 نەپەر ئادەم بارلىقى ئېنىقلاندى. 8 - ئاي ئىچىدە، ئىلى ئۇيغۇرلىرىدىن بىر ئۆيلۈك ئۈچ جان

www.uyghurkitap.com

ئادەم قېچىپ كەلگەن بولۇپ، ئەمەلىيەتتە 2388 ئۆيلۈك، 8116 نەپەر ئىكەن» دېيىلگەن. ئۇيغۇر پۇقرالىرىنىڭ كونكرېت قەلئەلەرگە بۆلۈنۈش ئەھۋالى مۇنداق بولغان (ماقالىدە بىردەك ھازىرقى يەر ناملىرى ئىشلىتىلدى).

باش قەلئە بەش قەلئە مەركىزىگە جايلاشقان بولۇپ، بىر مىڭدىن ئارتۇق ئۆيلۈك تۆت مىڭدىن ئارتۇق ئادەم، ئىمىن خوجا ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بۇ قەلئەگە ئورۇنلاشقان. ئۇندىن باشقا بۇ قەلئەگە ئىمىن خوجىنىڭ يۇرتىدىن يەنى لۈكچۈن، سىركىپ ئىككى جايدىن كەلگەنلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 2 -، 3 -، 4 -، 5 - قەلئەلەرنىڭ ھەر بىرىگە 300 دىن ئارتۇق ئۆيلۈك، مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئىككىنچى قەلئەگە ئاساسلىقى قاراخوجا، مۇرتۇقلۇقلار ئورۇنلاشتى؛ 3 - قەلئەگە يالقۇنتاغنىڭ غەربىدىكى سۇ بېشى، لەمجىن، پىچان، كىچىك ئاستانە ۋە شۆگىدىن كەلگەنلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 4 - قەلئەگە پىچان، تۇرپان چېگرىسىدىكى سىڭگىم، ياڭخى ۋە تۇيۇق ئەتراپىدىن كەلگەنلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 5 - قەلئەگە تۇرپان، ئاستانە، تۇيۇق ۋە خاندۇدىن كەلگەنلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

بەش قەلئە بەرپا قىلىنغاندىن باشقا، باش قەلئەنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا سەككىز كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا «ئايرىم قورغان سېلىنىپ، قەلەم ۋە ئەلەم بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئەمەلدارلار ھەم مۇداپىئە قىلغۇچى قوشۇن تۇرىدىغان ئورۇن قىلىنىدى»، «بۇ قورغان باش قەلئەدىن سەل چوڭراق ئىدى». بۇ قورغان چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ مەكتۇپلىرىدا مۇداپىئە شەھىرى دەپ ئاتالغان. لېكىن، شۇ جايدىكى كادىرلار ئۇ يەرنى «قوغداش گازارمىسى» دەپ ئاتايدىكەن. خارابىنىڭ ھەممە يېرىدە ئېگىز - پەس، يىراققا سوزۇلۇپ كەتكەن شەھەر سېپىللىرىنى چېلىقتۇرغىلى بولىدىكەن. شەھەرنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا بىر - بىرىگە ياندىشىپ سېلىنغان ھويلا - ئارامىلار، مەكتەپ ۋە ئورگانلار بار ئىكەن. تۇرالغۇ جاينىڭ ئۆيچۆرىسى تۇپتۇز كەتكەن تېرىلغۇ ئېتىزى ئىكەن. بىز ناھىيىلىك سىياسى كېڭەشتىكى يولداشلاردىن «قوغداش گازارمىسى» دېگەن ئىسمىنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقىنى سورىدۇق. ئۇلار ئەۋلادىن - ئەۋلادقىچە مۇشۇنداق دەپ ئاتاپ كەپتۇق. دەسلەپتە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بۇ يەردە بەش قەلئەدىكى خەلقنى «نازارەت قىلىش، قوغداش» ئۈچۈن مۇداپىئە قوشۇنى تۇرغۇزغان بولۇشى مۇمكىن دېيىشتى، كېيىن بىز تەكشۈرۈپ تاپقان ماتېرىيالدا ئېنىق قىلىپ مۇنداق خاتىرىلەنگەننىدى: «ئەنشى بازىرى ئۇلارنى نازارەت قى-

لىشقا كۆچى يەتسىمۇ، لېكىن ئۇيـ
غۇر پۇقرالىرى ئولتۇراقلاشقان
قەلئەلەرگە يېقىنلىرى 25 چاقىـ
رىم، يىراقلىرى 45 چاقىرىم كېـ
لىدۇ. ئارىلىق يەنىلا يىراق» . يېـ
قىندا تۇرۇپ نازارەت قىلىشقا ئاسان
بولسۇن ئۈچۈن قوغداش گازارمىـ
سىغا «بىر نەپەر يارىدەمچى سانغۇن،
بىر نەپەر مۇداپىئە ئەمەلدارى، ئىكـ
كى نەپەر مىڭبېشى، تۆت نەپەر توپـ
بېشى، ئالتە ئاتقا تۆت ئەسكەر نىسـ
بىتى بويىچە جەمئىي 600 ئەسكەر
قويۇلدى».. ئۇلاردىن باشقا «قورـ
غان ئىچىدە، قەلەم ۋە ئەلەم بىلەن
شۇغۇللىنىدىغان چوڭ كىچىك 10
مەھكىمە، بىر ئاشلىق ئامبىرى،
ئىككى بۇتخانا، بىر قورال ـ ياراغ
ئامبىرى، بىر كىچىك مەشىق مەيـ
دانى تەسىس قىلىندى» ، مەھكىمىـ
نى بۇ قورغاندا تەسىس قىلىشنىڭ
مەقسىدى ـ «نازارەت قىلىش» بوـ
لۇپ، پۇقرالارنىڭ ئۇ يەرنى «قوغـ
داش گازارمىسى» دەپ ئاتىشىمۇ
ئوبيېكتىپ ئادىل بولغان. «قوغـ
داش گازارمىسى» ئەمەلىيەتتە مەخـ
سۇس بەش قەلئەنى باشقۇرۇش ئۈـ
چۈن قۇرۇلغان كىچىك ھۆكۈمەت.
«قوغداش گازارمىسى» نىڭ
غەربىي ـ شىمالىغا جايلاشقان باش
قەلئەنىڭ قەدىمكى شەھىرى بىزنىڭ
تەشكۈرۈشىمىزنىڭ مۇھىم نۇقتىسى
بولدى. قەلئە سېپىلى ئاساسەن توـ
لۇق بولۇپ ئانچە بۇزغۇنچىلىققا
ئۇچرىماپتۇ. قەلئە ئىچى ۋە سىرتىـ
دىكى تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ ئىزىمۇ
قالماپتۇ. بىز بىر تامدا چوڭلۇقى
بىر كۋادرات مېتىرغىمۇ يەتمەيدىغان
بىر تۆشۈكنى كۆرۈپ قالدۇق. ئۇ
ئۇيغۇر ئائىلىرىنىڭ تام ئىشكاۋىغا
ئوخشاپ كېتىدىكەن، لېكىن، ساـ
ھىبخان ئۇنى بىزگە ئۇ پولات ـ تۆـ
مۈر تاۋلاش دولقۇنى كۆتۈرۈلگەندە،
ۋاقىتلىق ئولتۇرغۇچىلار قازغان
گەمە، پۇلات ـ تۆمۈر تاۋلاش دولـ
قۇنىدا بۇ يەردە بىرلەشمە جەڭ ئېـ
لىپ بېرىلغان «مەدەنىيەت زور
ئىنقىلابى» مەزگىلىدە بۇ يەر دېھقانـ
چىلىق مەيدانى قىلىنغان، ھەممىـ
سى قىسقا مۇددەتلىك دولقۇنلارنىڭ
ئىزناسى، دەپ تونۇشتۇردى.
قەلئەنىڭ شەرقىي شىمال بۇرـ
جىكى يەنە بىر كىچىك قەلئەگە ئۇـ
لىنىدىكەن، ئۇنىڭ چوڭ ـ كىچىكـ
لىكى قورغاننىڭ تۆتتىن بىر قىسـ
مىغا توغرا كېلىدىكەن. شۇ جايدىـ
كى كىشىلەر ئۇنى «ئەمەلدارلار شەـ
ھىرى» دەپ ئاتايدىكەن. ئەينى ۋاـ
قىتتا بۇ يەردە ئولتۇرغانلار ئىمىن
خوجىنىڭ ئائىلىسى ۋە قوغداش گاـ
زارمىسىدا قورغاننى ساقلاۋاتقان
كىچىك ئەمەلدار بولۇشى مۇمكىن.
ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشتىكى
بىر نەپەر خادىم بىزگە بۇ كىچىك
قەلئەنىڭ سېپىلى ئۈستىگە چىقىـ
ۋالسا پۈتۈن قورغاننى تىزگىنلىگىـ
لى بولىدىغانلىقىنى، ئەگەر قەلئە
دەرۋازىسى تاقاپ قويۇلسا، چوڭ
قەلئەدىكىلەرنىڭ كىچىك قەلئەگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



باستۇرۇپ كىرىپ ئەمەلدارلارغا
ھەيۋە كۆرسىتىمەن دېسىمۇ پەقەت
كىرەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن
چوڭ- كىچىك ئىككى قەلئەنى تو-
تاشتۇرۇپ تۇرىدىغان سېپىل ئۈس-
تىگە چىقىپ، ئىككى قەلئەنى پە-
قەت بىر سېپىل تېمى بىلەن دەرۋازى-
لا ئايرىپ تۇرىدىغانلىقىنى كۆر-
دۈم. چوڭ قەلئەدە ئولتۇراقلاشقان-
لار پۇقرا، كىچىك قەلئەدىكىلەر
«ئەمەلدار» لار بولۇپ، كىچىك
قەلئە «ئەمەلدارلارنىڭ خەلقنىڭ
قارشى چىقىشىدىن قورققان» لىقى-
نىڭ ئىسپاتى ئىكەن. مەن شۇنى
تۇيۇقسىز ئويلىدىمكى، ئىمىن خو-
جا- ھاكىمىيەت ۋە دىنى ھوقۇقنى
ئۆزىگە مەركەزلەشتۇرۇۋالغان يەر-
لىك خان بولۇپ، ۋەتەننى سۆيۈش
ۋە خەلقنى قوغداش- ئۇنىڭ پۈتكۈل
ھاياتىدىكى خىزمەت تۆھپىسى. ئا-
شۇ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش ۋە شا-
رائىتتا ئۇنىڭ تۆھپىسىنى مۇئەييەن-
لەشتۇرۇشكە بولىدۇ. كۆز ئالدىم-
دىكى چوڭ - كىچىك قەلئەنىڭ سې-
پىل تاملىرى ھەرقانچە ئېگىز ۋە
مۇستەھكەم بولسىمۇ، ئۇنىڭ كى-
شىلەر قەلبىگە چوڭقۇر ياققانلىقى-
دەك ئىززەت - ئابرويىنىڭ مۇس-
تەھكەملىكىگە ھەرگىز يەتمەيدۇ.
چۈنكى ۋاقىت قىس، يولمۇ ياخشى
بولمىغاچقا باشقا قەلئەلەرگە بارال-
مىدۇق.

ئۇيغۇر پۇقرالىرى بەش قەلئە-
سىنىڭ قۇرۇلۇش ئەھۋالى توغرۇ-
لۇق، «گۇاجۇ ئايمىقىنىڭ قەلئەلى-
رىنى كۆپەيتىپ سېلىش توغرىسىدا
دوكلات» تا بىرقەدەر تەپسىلىي خا-
تىرىلەنگەن، يۇڭجېڭنىڭ 11 - يىلى
(1733 - يىلى) 8 - ئايدا «باش
قەلئە ۋە باش قەلئەنىڭ شىمالىدىكى
3 -، 5 - قەلئەنىڭ قۇرۇلۇشى
ئاساسەن پۈتتى. ھازىر باش قەلئە-
نىڭ جەنۇبىدىكى 2 -، 4 - قەلئە-
لەردە قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلىۋاتى-
دۇ. ئەمەلدارلار ۋە ئەسكەرلەر تۇ-
رىدىغان قورغان قۇرۇلۇشىمۇ تەڭلا
ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. . . .» بىر
يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، بەش
قەلئەنىڭ قۇرۇلۇشى ئاساسەن پۈت-
كەن، قىش كىرىشتىن بۇرۇن
شەرققە كۆچكەن ئۇيغۇرلار يېڭى
ئۆيلەرگە كۆچۈپ كىرگەن. ئولتۇ-
راق ئۆي تەقسىماتىدا «گۇاجۇ ئايمى-
قىدىكى ئىشلار» دېگەن كىتابتا مۇن-
داق خاتىرىلەنگەن: «ئۇيغۇرلار
جەمئىي 9264 نەپەر بولۇپ، ھەر
ئىككى ئادەمگە بىر ئېغىزدىن جەم-
ئىي 4632 ئېغىز ئۆي تەقسىم قى-
لىپ بېرىلدى. ئىمىن خوجا ئۇي-
غۇرلارنى باشلاپ كەلگەن چوڭ بەگ
بولغاچقا، ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئېتىبار
بېرىلىپ، كەڭ ۋە ھەشەمەتلىك
ئۆيلەردىن كۆپرەك بېرىلدى. ئۇ-
نىڭغا ئالدىنقى ھويلىدىن بەش ئې-
غىز، ئىككىنچى ھويلىدىن بەش ئې-
غىز، غەرب ۋە شەرقتىكى يان ھوي-
لىلارنىڭ ھەر بىرىدىن ئۈچ ئېغىز،
ئۈچىنچى ھويلىدىن بەش ئېغىز،

غەرب ۋە شەرقتىكى يات ھويلىلارنىڭ ھەر بىرىدىن ئۈچ ئېغىزدىن، جەمئىي 27 ئېغىز ئۆي تەقسىم قىلىپ بېرىلدى» ئۇنىڭدىن باشقا، بىرىنچى دەرىجىلىك بەگلەر 29 نەپەر بولۇپ، ھەر بىرىگە ئۈچ ئېغىزدىن، ئىككىنچى دەرىجىلىك بەگلەر 39 نەپەر بولۇپ، ھەر بىرىگە ئىككى ئېغىزدىن، ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى دەرىجىلىك بەگلەر 42 نەپەر بولۇپ، ھەر بىرىگە بىر ئېغىزدىن ئۆي قوشۇپ بېرىلدى. جەمئىي 4866 ئېغىز ئۆي ئورۇنلاشتۇرۇلدى. تۇرپانلىق ئۇيغۇرلار جۇڭخۇا مىللىتىدىن ئىبارەت بۇ ئائىلىنى تاللاپ، گۇاجۇ ئايمىقىدا ئۆزلىرىنىڭ كىچىك ئائىلە تۇرمۇشىنى باشلىۋەتتى.

## ئۆستەڭ چېپىپ، بوز يەر ئېچىپ، تىرىشچانلىق بىلەن ئىگىلىك تىكلەش

شەرققە كۆچكەن تۇرپان ئۇيغۇرلىرى بەش قەلئە سېلىپ بېرىش بىلەن بىرگە گۇاجۇ ئايمىقى ھۆكۈمىتى ئۇلارنىڭ بوز يەر ئېچىشى ۋە سۇ قورۇلۇشى ئۈچۈن كەڭ كۆلەمدىكى تەتقىقات پىلانىنى تۈزۈپ بەردى ھەمدە بۇ پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن نۇرغۇن مەبلەغ سالدى.

ئەنشى ناھىيىسى خېشى كارىدورىنىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، غەربىي شىمال تەرىپى شىنجاڭنىڭ قۇمۇل رايونى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئەنشى تارىختا قەدىمكى گۇاجۇ ئايمىقى دەپ ئاتالغان. بۇ مەزگىل قۇمۇل ۋە تۇرپان بىلەن شىجۇ ئايمىقىغا قارىغان. ھازىرقى ئومۇمىي يەر مەيدان 240 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، شۇلېخې دەرياسى بىلەن يۈلىنخې دەرياسى ئاساسلىق سۇ مەنبەسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

شەرققە كۆچكەن تۇرپان ئۇيغۇرلىرى گۇاجۇ ئايمىقىغا يېتىپ كەلگەنىنىڭ دەسلەپكى ئىككى يىلدا ھۆكۈمەت بەش قەلئەگە يېقىن ئەتراپتىن ھەرقايسى قەلئەلەرگە تېرىلغۇ يەر ۋە بوز يەرلەرنى كۆرسىتىپ بەردى. ئەينى ۋاقىتتا، بەش قەلئە ئاچماقچى بولغان بوز يەرلەرنى گۇاجۇ ئايمىقىنىڭ بوز يەر ئېچىش ئومۇمىي پىلانىغا كىرگۈزدى. كونكرېت مۇنداق ئۇسۇلنى قوللاندى: بىرىنچىدىن، ھۆكۈمەت پۇل چىقىرىپ، بۇ رايوندىكى پىششىق يەرلەرنى خەلققە بۆلۈپ بەردى. ئىككىنچىدىن، شەرقتىن كۆچۈپ كەلگەن خەلقنى ئۆزى بوز يەر ئېچىشقا ئۇيۇشتۇردى. «يۇنجېڭنىڭ 11 - يىلى، ھەربىي لاۋازىمەت ئەمەلدارى ۋاڭ چۈەنچىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تىرىكچىلىك قىلىشى ئۈچۈن 2 مىڭ دادەنلىك يەر ئېچىپ، ئەسلىدىكى 1 مىڭ 500 دادەنلىك يەرنى قوشۇپ، جەمئىي 3 مىڭ 500 مىڭ دادەنلىك يەرنى بەرگەن. يۇنجېڭنىڭ 12 - يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



لىرىگە 1500 دادەنلىك يەرنى ئاچقۇزغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى 5 مىڭ دادەنلىك يەر بولۇپ، 4 مىڭ 500 دادەنلىك يەرگە بۇغداي، 500 دادەنلىك يەرگە ئارپا تېرىغان. بەش قەلئەدىكى ئۇيغۇرلار يەنە 2 مىڭ مو يەر ئېچىپ، قوغۇن- تاۋۇز، كۆكتات تېرىغان.» بۇ ماتېرىيالدا دادەن ھەم مو تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، سىندۇرۇپ ھېسابلاش ئۇسۇلى توغرۇلۇق چىڭ سۇلالىسى ۋە جۇڭخۇا مىنگو دەۋرىدە، گەنسۇ ۋە شىنجاڭ يېزىلىرىدا مۇنداق بىر قوشاق ئېقىپ يۈرگەن. بۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ.

بىلەمسەن ھېسابلاشنى،
بىر كۇرلىك يەر ئىككى يېرىم مو.
بىر كۇرە 10 شېڭدا توشار،
10 كۇردە بىر دادەن يەر.

دېمەك، 5 مىڭ دادەنلىك يەر-125 مىڭ مو كېلىدۇ.

ئەنشى ناھىيىسىدە يەر بايلىقى ئىنتايىن مول ئىكەن. بىز كىچىك ماشىنا بىلەن ئۇدۇل باش قەلئە قەدىمكى شەھىرىگە بېرىش ئۈچۈن ئەنشى ناھىيە بازىرىدىن ئايرىلدۇق، يول ئۈستىدە ھەممىلا يەرنىڭ ئېكىنزارلىق بىلەن قاپلانغانلىقىنى كۆردۇق. بىر سائەتتىن كۆپرەك يول يۈرگەندىن كېيىن تاشيول تۈگەپ چۆللۈككە بېرىپ تاقىلىپ قالدۇق. تاشيولنىڭ ئىزىمۇ كۆرۈنمەي قالدى. بىردەم ماڭغاندىن كېيىن بۇ يولمۇ يوقاپ كەتتى. كىچىك ماشىنا كالا ھارۋىسىغا ئوخشاش بەش قەلئە قەدىمكى شەھىرىنىڭ خارابىسىنى كۆزلەپ ئوڭغۇل-دوڭغۇل شورتاڭلىق ۋە يانتاقلىقلار ئارىسىدا نە تۈز بولسا شۇ يەرنى تاللاپ مېڭىشقا مەجبۇر بولدى. قەدىمكى قەلئەگە 6 ~ 5 كىلومېتىر قالغاندا كۆزگە تاشلانغان گىرەلىشىپ كەتكەن تۈپ- تۈز تاشلاندۇق قەدىمكى ئېتىز - ئېرىقلار، ئىككى يېرىم ئەسىر بۇرۇن بۇ يەردە دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقنىڭ گۈلەپ - ياشناپ، راۋاج تېپىپ، خېلى كۆلەم ھاسىل قىلغانلىقىنى روشەن كۆرسىتىپ تۇراتتى. بىز ئۇچراتقان بەزى قەدىمكى ئۆستەڭلەرنىڭ چوڭقۇرلۇقى ئىككى مېتىردىن ئاشىدىكەن. بۇنىڭدىن ئەينى ۋاقىتتا ئاققان سۇنىڭ خېلى ئۇلۇغ ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ. كەڭلىكى تەخمىنەن ئىككى مېتىردىن، چوڭقۇرلۇقى بىر مېتىردىن ئاشىدىغان بىر ئېرىق يولىمىزنى ئۈزۈپ قويدى، بەختكە يارىشا بىز ئالدىنئالا تەييارلىق كۆرۈپ دالا ئابتوموبىلىدا بارغانلىقىمىز ئۈچۈن ئېرىق بويىنى بويلاپ، بىر كىلومېتىردىن ئارتۇق يول يۈرۈپ ئۇنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، قەدىمكى شەھەرگە يېقىنلاشتۇق.

دەي مۇدىر بىزگە، قۇم - بوراننىڭ يىلدىن - يىلغا كۈچىيىشى، سۇ مىقدارىنىڭ يىلدىن - يىلغا ئازلاپ كېتىشى ئۇنىڭ ئۈستىگە تارىخ-

تىكى ئۇرۇش مالىمانچىلىقىنىڭ ۋايدان قىلىشى ئارقىسىدا، بەش قەلئەدىكى نۇرغۇنلىغان تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ تاشلىنىپ قاقاسلىققا ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

يەر بولغان تەقدىردىمۇ سۇ بولمىسا بولمايدۇ، سۇ بولغاندىلا يەرنى تېرىغىلى ۋە ئۇنىڭدىن ھوسۇل ئالغىلى بولىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا چىڭ سۇلالىسى يەرلىك ھۆكۈمىتى بوز يەر ئۆزلەشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، نۇرغۇن يەرلەرنى ئېچىش بىلەن بىرگە «گۇاجۇ ئايمىقىنىڭ يېرى كۆپ سۇيى قىس» بولۇشتەك شەرت ئامىلىنى نەزەردە تۇتۇپ، سۇ مەنبەسىنى ئامال بار قېزىپ، بوز يەر ئۆزلەشتۇرۇشنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، قۇرغاقچىلىق، ھۆلچىلىك كۆرۈلگەندىمۇ مول - ھوسۇل ئېلىشقا كاپالەتلىك قىلغان.

بەش قەلئەنىڭ يەرلىرىنى سۇغۇرىدىغان سۇ ئاساسلىق شۇلېخى دەرياسىدىن كېلەتتى. ئەينى ۋاقىتتا «شۇلېخى دەرياسىنىڭ سۇيى ئەسلىدىلا ئاز بولۇپ، سۇيى ئۈچ ئۆستەڭگە باشلانغانلىقتىن تېخىمۇ ئازلاپ كەتكەنىدى.» تونۇشتۇرۇلىشىچە، ئەنشى ناھىيىسىنىڭ يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتى چىڭ سۇلالىسىدىن تارتىپ تا ھازىرغا قەدەر خېلى مۇقىم ئىكەن. بىز تەكشۇرۇش ئېلىپ بارغان جايلاردا كەچكۇز يېقىنلىشىپ قالغاچقا قوغۇن - تاۋۇزلار ئاخىرلىشىپ، دېھقانلار جىددىي پاختا تېرىۋېتىپتۇ. تاشيولنىڭ ئىككى تەرىپىگە تىكىلىنگەن كۆچەتلەرمۇ شىنجاڭدىن ئېلىپ كېلىنگەن ئىكەن. سۇ قۇرۇلۇشىدا «ياخشى ئېرىق - ئۆستەڭ» قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلغانىكەن، دېھقانلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىمۇ بەك يۇقىرى بوپتۇ. ھازىر شۇلېخى دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىغا قۇرۇلغان «شۇاڭتا» (قوش مۇنار) سۇ ئامبىرىغا جەمئىي 240 مىليون كۇب مېتىر سۇ قاچىلىنىدىكەن. ئۇ گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ چوڭ تىپتىكى سۇ ئامبارلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭجېڭ يىللىرىدا لىيى ئېلىنىپ راۋانلاشتۇرۇلغان شۇلېخى دەرياسى «نەنشەن تېغىدىن باشلىنىپ، چاڭ ماخې دەرياسى بىلەن قوشۇلۇپ، 10 جىلغىغا بۆلۈنۈپ ئاقىدۇ.» يۇڭجېڭنىڭ 12 - يىلى (1734 - يىلى «گۇاجۇ ئايمىقىنىڭ جەنۇبى تەرەپى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئولتۇراقلاشقان جايىدىن 20 چاقىرىم يىراقلىقتا بىر ئۆستەڭ چېپىلىپ گۇاجۇ ئايمىقىغا تۇتاشتۇرۇلدى. ئۆستەڭ چېپىلىپ گۇاجۇ ئايمىقىغا تۇتاشتۇرۇلدى. ئۆستەڭنىڭ ئۇزۇنلۇقى جەمئىي 104 چاقىرىم كېلىدۇ» بۇ يېڭىدىن چېپىلغان «ئۇيغۇرلارنىڭ جەنۇبىي ئۆستىڭى» ئارقىلىق يېڭىدىن ئېچىلغان 2300 دادەنلىك يەرنى سۇغارغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە بىر «ئۇيغۇرلارنىڭ شىمالىي

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئۆستىڭى» چىپىلغان. شۇلىخى دەرياسىنىڭ سۈيى بۇ ئۆستەڭ ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ بەش قەلئەسىگە ئېقىپ بارغاندىن كېيىن يەنە تۆت ئۆستەڭگە بۆلۈنۈپ، بەش قەلئەنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا تېرىلغۇ ۋە ئىچىملىك سۇيى بىلەن تەمىنلىگەن، تۆت ئۆستەڭنىڭ تارماق ئېقىم ئەھۋالى مۇنداق بولغان: چوڭيولڭ ئۆستىڭى بىلەن باش قەلئەدىكى يەرلەر، چيەنچاڭ ئۆستىڭى بىلەن ئىككىنچى قەلئەدىكى يەرلەر، ۋەنشياڭ ئۆستىڭى بىلەن ئۈچىنچى قەلئەدىكى يەرلەر، بىيجى ئۆستىڭى بىلەن تۆتىنچى، بەشىنچى قەلئەدىكى يەرلەر سۇغۇرۇلۇپ، جەمئىي 1500 دادەنلىك يەر سۇغىرىلىدىكەن. چىپىلغان يېڭى ئۆستەڭلەردىن باشقا، كونا ئۆستەڭلەردىن شىمالىي ئۆستەڭنىڭ تۆتىنچى تارماق ئۆستىڭى، جەنۇبىي ئۆستەڭنىڭ 5-، 6-، 7- تارماق ئۆستەڭلىرى ۋە ئاخىرقى ئۆستەڭلەر باشقىدىن رېمونت قىلىنىپ ئىشلىتىلگەن، جەمئىي 1500 دادەنلىك يەر سۇغىرىلغان.

يۇقىرىقى سۇ تەرەققىيات ئەھۋالىدىن قارىغاندا، شۇنى تولۇق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەينى ۋاقىتتا قوللانغان تەدبىرلەر كۆچلۈك ھەم ئۈنۈملۈك بولغان. يەنى ئالدى بىلەن سۇ مەنبەسىنى قېزىپ، شۇلىخى دەرياسىنىڭ سۈيىدىن باشقا بىكار ئېقىۋاتقان ئۆستەڭ سۇلىرىنى تۇغان سېلىپ توساپ، شۇلىخى دەرياسىنىڭ سۈيى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ پايدىلىنىشتىن ئىبارەت. بۇنىڭغا «نۇرغۇن ئەمگەك سەرپ قىلىنغان» بولسىمۇ لېكىن ھەممەيلەن «سۇ قۇرۇلۇشىنىڭ پايدىسىنى كۆرگەن»، كېيىن شۇلىخى دەرياسىنىڭ سۈيى بىرقانچە جايدىن بۆلۈنۈپ ئېتىز سۇغىرىشقا ئىشلىتىلگەن. يازما ماتېرىيالدا خاتىرىلەنگەنلىرىنىلا مىسال قىلىدىغان بولساق، شۇلىخى دەرياسى بىلەن 5300 دادەنلىك تېرىلغۇ يەرنىڭ سۈيى ھەل قىلىنغان. گۇاجۇ ئايمىقى بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە سۇ ئىشلىتىش ئەھۋالى تامامەن ئوخشاپ كېتىدۇ. «ھۇسۇل ئېلىش ياكى ئالالماسلىق پۈتۈنلەي سۇغا باغلىق». يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ئۇيغۇر ۋيۇقرالىرىنىڭ جاپالىق كۆرەش قىلىش ئارقىسىدا، ھۆكۈمەت ۋە خەلق گۇاجۇ ئايمىقىنىڭ غەربىي قىسمىدا يېڭى بىر بوستانلىق بەرپا قىلىپ، چاڭ سۇلالىسىنىڭ «قاراقچىلاردىن ساقلىنىپ، چېگرىنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش» ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشتى.

### تېرىلغۇ سايمانلىرىنى تارقىتىپ، خەلقنى قىينىچىلىقتىن قۇتقۇزۇش

ئۇيغۇرلار ئۇيۇشقان، ئەمگەكچان، جاپاغا چىداپ ئىشلەش روھى

ناھايىتى كۈچلۈك مىللەت. مەيلى مۇھىت قانداق ناچار، شارائىت قانداق جاپالىق بولسۇن، ھاياتلا بولىدىكەن، تۇرمۇش كەچۈرۈپ كېتەلەيدۇ. شەرققە كۆچكەن ئۇيغۇر پۇقرالىرى گۇاجۇ ئايمىقىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، چىڭ ئوردىسى يەرلىك ھۆكۈمەتكە ئېنىق ھالدا «ئۇلارغا ئۇزۇق - تۈلۈك، ئاشلىق ئورۇقلۇق ۋە كالا قاتارلىق تېرىقچىلىق سايمانلىرى بېرىلسۇن» دەپ يارلىق چۈشۈرگەن. ھەمدە ئەمەلي ئىشلەش جەريانىدا باج سېلىقنى كەچۈرۈم قىلىش، جىددىي قۇتقۇزۇش، ئاپەتتىن كېيىن قۇتقۇزۇپ يار يۆلەكتە بولۇش، ئىنئام بېرىش شەكلى بىلەن ئورۇقلۇق ۋە ئۇزۇقلۇق ئاشلىق بېرىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللانغان. بولۇپمۇ دەسلەپكى بىرنەچچە يىلدا، چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى گۇاجۇ ئايمىقىغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلارنىڭ باج سېلىقىنىڭ كۆپىنچىسىنى كەچۈرۈم قىلغان، يۇڭجىڭ 11 - يىلى ھەممىسىنى دېگۈدەك كەچۈرۈم قىلىۋەتكەن. 12 - يىلى ئۇلارغا 15 مىڭ دادەندىن ئارتۇق ئۇزۇقلۇق ئاشلىقنى ئىنئام قىلغان. 13 - يىلى 120 دادەن ئۇزۇقلۇق ئاشلىق ۋە ئورۇقلۇق ئاشلىق يۆتكەش ئۈچۈن 2270 سەردىن كۆپرەك كۈمۈش ئۆتنە بېرىلگەن بولسىمۇ كېيىن ھەممىسىنى كەچۈرۈم قىلىۋەتكەن چيەنلۇڭنىڭ 15 - يىلىغا (1750 - يىلى) كەلگەندە ئىمىن خوجا ئۆتنە ئالغان 6 مىڭ دادەن ئاشلىقنىڭ ھەممىسىنى كەچۈرۈم قىلىۋەتكەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا مۇنداق قىلىشى بىر تەرەپتىن خەلق ئاممىسىنى ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىپ شەرققە كۆچكەن ئۇيغۇر پۇقرالىرىنى ئەقەللىي تۇرمۇش شارائىتىغا ئېرىشتۈرۈپ، شۇ ئارقىلىق خەلقنى تىنچلاندۇرۇشنى مەقسەت قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، گۇاجۇ ئايمىقى غەربىي يۇرت بىلەن تۇتاش بولغاچقا ئۇلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق سىياسىي جەھەتتە جۇڭغارنىڭ كېڭەيمىچىلىك، زېمىننى بۆلۈشۈۋېلىشتىن ئىبارەت قارا نىيىتىگە زەربە بېرىپ، غەربىي يۇرتتىكى ئۇيغۇر پۇقرالىرىنىڭ چىڭ ئوردىسىغا بويسۇنۇشىنى قولغا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان. چىڭ ئوردىسىدىكى ھوقۇقدارلار شەرققە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنى ماكانلاشتۇرۇشتا، بولۇپمۇ جەمئىيەتنىڭ يۈزلىنىشى ۋە خەلقنىڭ مايىللىقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ھېچبولمىغاندا بۇ ئىككى جەھەتتىكى ئامىلنى نەزەردىن ساقىت قىلمىغان. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئەينى ۋاقىتتا يەرلىك ھۆكۈمەت شەرققە كۆچكەن ئۇيغۇر پۇقرالىرىنىڭ تۇرمۇشىنى ناھايىتى ئەتراپلىق ۋە كونكرېت ئورۇنلاشتۇرغان.

ئىستمال بۇيۇملىرىدىن گۇ-

www.uyghurkitap.com



رۇچ، ئۈن، تۇز، ماي قاتارلىقلارنى
بىردەك جان سانى بويىچە كۆزگە ئۇ-
لاشقۇدەك تارقىتىپ بەرگەن. ئۆ-
كۈز، خىچىر، قوي، داشقازان،
ئوتىغۇچ، ياغاچ ساپان، ساپان چىد-
شى ۋە تۇرمۇشتا زۆرۈر كېرەكلىك
بۇيۇملارنى، ئۆيلۈكلەرنى دەرىجىگە
ئايرىپ تارقىتىپ بەرگەن. تارقىتىد-
لىش ئەھۋالى مەسىلەن، «تۇزىتىش
كىرگۈزۈلگەن سۇجۇ ئايمىقىنىڭ
يېڭى تەزكىرىسى» دە مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

«جاساق ئىمىن گۇڭ خوجىغا
تۆت ئۆكۈز، تۆت خىچىر، تۆت ئى-
نەك، 80 تۇياق قوي، ئىككى داش-
قازان، ئۇنىڭدىن باشقا ئوتىغۇچ يا-
غاچ ساپان، تۆمۈر ساپان، سېۋەت،
غەلۋىر، پوچا، ئورغاق قاتارلىق
سايمانلارنى ھەر قايسىسىدىن ئىككى
دانە، يەنە بىر دانە چىلەك، بىر دانە
كۈرە، بىر دانە تۈگمەن (يارغۇن-
چاق)، بىر تاش تۇلۇق، بىر ياغاچ
تۇلۇق، تۆت تال ئارغامچا تەقسىم
قىلىپ بېرىلدى. بىرىنچى دەرىجد-
لىك بەگلەر 29 ئۆيلۈك بولۇپ،
ھەربىر ئۆيلۈككە ئىككىدىن ئۆكۈز،
ئىككىدىن خىچىر، 20 تۇياقتىن
قوي ئۇنىڭدىن باشقا داشقازان، ئو-
تىغۇچ، ياغاچ ساپان، تۆمۈر سا-
پان، سېۋەت غەلۋىر، پوچا، يور-
غاق، چىلەك، ئارغامچا قاتارلىقلار-
نىڭ ھەرقايسىسىدىن بىردىن بېرىلد-
دى؛ ئىككىنچى دەرىجىلىك بەگلەر
39 ئۆيلۈك بولۇپ، ھەربىر ئۆي-
لۈككە ئىككىدىن ئۆكۈز، ئىككى-
دىن خىچىر، 18 تۇياق قوي، بۇ-
نىڭدىن باشقا داشقازان، ئوتىغۇچ،
ياغاچ ساپان، تۆمۈر ساپان، سېۋەت
پوچا، ئورغاق، چىلەك، ئارغامچا
قاتارلىقلارنىڭ ھەر قايسىسىدىن بىر
دىن بېرىلدى؛ ئۈچىنچى دەرىجىلىك
بەگلەر 30 ئۆيلۈك بولۇپ، ھەربىر
ئۆيلۈككە ئىككىدىن ئۆكۈز، 16 تۇ-
ياقتىن قوي، بۇنىڭدىن باشقا داشقا-
زان، ئوتىغۇچ، ياغاچ ساپان، تۆ-
مۈر ساپان، سېۋەت، غەلۋىر، ئور-
غاق، چىلەك، ئارغامچا قاتارلىقلار-
نىڭ ھەرقايسىسىدىن بىردىن بېرىل-
دى؛ تۆتىنچى دەرىجىلىك بەگلەر
22 ئۆيلۈك بولۇپ، ھەربىر ئۆي-
لۈككە ئىككىدىن ئۆكۈز، ئىككى-
دىن خىچىر، 14 تۇياقتىن قوي،
ئۇنىڭدىن باشقا داشقازان، ئوتى-
غۇچ، ياغاچ ساپان، تۆمۈر ساپان،
سېۋەت غەلۋىر، پوچا، ئورغاق،
چىلەك، ئارغامچا قاتارلىقلاردىن
بىردىن بېرىلدى. جان سانى 10 دىن
13 كىچە بولغان ئۇيغۇر پۇقرالىرى
4 ئۆيلۈك بولۇپ، ئەر - ئايال،
قېرى - ياش جەمئىي 44 ئادەم.
ھەربىر ئۆيلۈككە ئىككىدىن ئۆكۈز،
ئىككىدىن خىچىر، بىر جانغا بىر-
دىن جەمئىي 44 تۇياق قوي بېرىل-
دى. بۇنىڭدىن باشقا قازان، ئوتىد-
غۇچ، ياغاچ ساپان، غەلۋىر، سې-
ۋەت، پوچا، ئورغاق، چىلەك،
ئارغامچا قاتارلىقلارنىڭ ھەر بىرد-
دىن بىردىن بېرىلدى. جان سانى
يەتتىدىن توققۇزغىچە بولغان ئۇيغۇر

پۇقرالىرى جەمئىي 12 ئۆيلۈك بولۇپ، ئەر - ئايال، قېرى ياش جەمئىي 598 ئادەم ھەربىر ئۆيلۈككە ئىككىدىن ئۆكۈز، بىردىن خېچىر، ھەربىر ئادەمگە بىردىن جەمئىي 598 تۇياق قوي، بۇنىڭدىن باشقا قازان، ئوتىغۇچ، ياغاچ ساپان، تۆمۈر ساپان، غەلۋىر، سېۋەت، پوچا، ئورغاق، چىلەك، ئارغامچا قاتارلىقلارنىڭ ھەر بىرىدىن بىردىن بېرىلدى؛ جان سانى تۆتتىن ئالتىغىچە بولغان ئۇيغۇر پۇقرالىرى جەمئىي 836 ئۆيلۈك بولۇپ، ئەر - ئايال، قېرى- ياش جەمئىي 3 مىڭ 838 ئادەم. ھەربىر ئۆيلۈككە ئىككىدىن ئۆكۈز، بىردىن خېچىر، ھەربىر ئادەمگە بىر تۇياقتىن جەمئىي 3 مىڭ 838 تۇياق قوي، ئۇنىڭدىن باشقا قازان، ياغاچ ساپان، تۆمۈر ساپان، ئوتىغۇچ، غەلۋىر، سېۋەت، پوچا، ئورغاق، چىلەك ئارغامچا قاتارلىقلارنىڭ ھەر بىرىدىن بىردىن بېرىلدى؛ جان سانى ئىككىدىن ئۈچكىچە بولغان ئۇيغۇر پۇقرالىرى جەمئىي 1 مىڭ 306 ئۆيلۈك بولۇپ، ئەر - ئايال، قېرى- ياش جەمئىي 3052 ئادەم، ھەربىر ئۆيلۈككە بىردىن ئۆكۈز، بىردىن خېچىر، ھەربىر ئادەمگە بىر تۇياقتىن جەمئىي 3 مىڭ 52 تۇياق قوي، بۇنىڭدىن باشقا قازان، ئوتىغۇچ، ياغاچ ساپان، تۆمۈر ساپان، غەلۋىر، سېۋەت، پوچا، ئورغاق، چىلەك، ئارغامچا قاتارلىقلارنىڭ ھەرقايسىسىدىن بىردىن بېرىلدى؛ جاساق ئىمىن گۇڭ خوجىدىن باشقا بەگلەر ۋە ئۇيغۇر پۇقرالىرى جەمئىي 2388 ئۆيلۈك 8 مىڭ 116 ئادەم بولۇپ، ئۇلاردىن ھەر 40 ئادەمگە بىردىن موپاڭ (تۈگمەن) بەرگەندىن باشقا، ئالتە تۈگمەن، 50 دادەن ئۇرۇقلۇق ئاشلىق، ھەرە 1 دادەن ئۇرۇقلۇق ئاشلىق ئۈچۈن بىردىن تۇلۇق بېرىلدى.»

ماقالىنى ئاخىرلاشتۇرۇشتىن بۇرۇن سۆزنى يەنە ماقالىنىڭ مۇقەددىمىسىدە تىلغا ئېلىنغان ئىمىن خوجا ۋە شەرققە كۆچكەن ئۇيغۇر پۇقرالىرىنىڭ جۇڭگونىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قوغداشتەك تارىخىي تۆھپىسىگە يۆتكەشكە توغرا كېلىدۇ، ئۇنى ھەق - ناھەقنى ئايرىپ باھالاش كېرەك. مەن ماقالىنىڭ مۇقەددىمىسىدە تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى شەرققە يەنى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ گۇاجۇ ئايمىقىغا كۆچۈشى — ئادالەت تۇغىنى ئېگىز كۆتەرگەنلىك دەپ ئېيتقانىدىم.

260 نەچچە يىلدىن ئىلگىرىكى تارىخ سەھنىسىدە، تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئىمىن خوجىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللىشى ۋە باشچىلىقىدا، شەرققە يەنى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ گۇاجۇ ئايمىقىغا كۆچكەن ھەمدە ئۇ يەردە 20 يىلدىن كۆپرەك تۇرمۇش كەچۈرۈپ كۆرەش قىلغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھەر دەرىجىلىك ھۆ-

uyghurkitap.com

كومەتلىرىنىڭ ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان بەش قەلئەگە يۈرگۈزگىنى دەل بىر دەرىجىلىك ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتىنى باشقۇرۇش چارىسى بولۇپ، باشقۇرۇش جەريانىدا ئىمىن خوجا ۋە ھەر دەرىجىلىك ئۇيغۇر بەگلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرغان. ئىمىن خوجا شۇ دەۋردە چىڭ ئوردىسى ئەڭ ئىشىنىدىغان غەربىي دىيارلىق ئۇيغۇر سەردارلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، مەنسىپى بارغانسېرى ئۆسكەن. ئۇنىڭ «ئىنادچىخان» لىق مەنسەپ ئورنى ئەۋلادلىرىغا مىراس قىلىپ، 9 كىشىگىچە داۋاملاشقان.

چىڭ ئوردىسىنىڭ ئىمىن خوجىغا بولغان ئىشەنچىسى ۋە ئۇنى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىشى ئۇنىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىرادىسىگە بويسۇنۇپ، گۇاجۇ ئايمىقىغا كۆچكەندىن كېيىن باشلانغان دېيىشكە بولىدۇ. چىڭ سۇلالىسى خانلىق ئوردىسى قوشۇن ئەۋەتىپ جۇڭغار قەبىلىسىگە جازا يۈرۈش قىلىپ، «بۈيۈك قوشۇن ئىلگىرىلەپ تۇرپان رايونىنى ھۇجۇم بىلەن ئالدى. . . . . . . ئۇنى دۆلەت خەرىتىسىگە كىرگۈزدى. . . . » . تۇرپان ئويمانلىقى ھەتتا غەربىي يۇرتنىڭ ھەممىسىنى «دۆلەت خەرىتىسىگە كىرگۈزۈش» چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ چوڭ نىشانى ئىدى. ئىمىن خوجا چىڭ سۇلالىسىغا بەيئەت قىلغاندىن تارتىپ تا ئالەمدىن ئۆتكەنگە قەدەر «دۆلەت خەرىتىسىگە كىرگۈزۈش» تىن ئىبارەت بۇ ۋەتەن سۆيەر ئۇلۇغ نىشان ئۈچۈن بۆلگۈنچىلىككە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، ئاخىرقى نەپەسىگىچە كۈرەش قىلدى. تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ غەربتىن گۇاجۇ ئايمىقىغا كۆچكەنلىكمۇ ئوخشاشلا بۇ ئۇلۇغ نىشان ئۈچۈن ھەسسە قوشتى.

---

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1. ئەنشى ناھىيىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى «ئەنشى تارىخي ماتېرىياللىرى» 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ كىتاب.

2. جيۇچۈەن ناھىيىلىك مۇزېي قايتا نەشر قىلدۇرغان «تۈزدىتىش كىرگۈزۈلگەن گەنسۇ ئايماقلىرىنىڭ يېڭى تەزكىرىسى».

3. «پادىشاھ تەرىپىدىن بېكىتىلگەن موڭغۇل، ئۇيغۇر ۋاڭلىرىنىڭ شەجەرىسى».

4. سۇبىخەي، خۇاڭ جيەنخۇالار يازغان «قۇمۇل، تۇرپان ئۇيغۇر ۋاڭلىرى تارىخى».

قادىر ھەسەن تەرجىمىسى

تەھرىرى. ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

# دۇنخۇاڭ ـ تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتىدا ئېتىبار بېرىشكە تېگىشلىك بىر قانچە مەسىلە

ئابدۇبەسىر شۇكۇرى

دۇنخۇاڭشۇناسلىق ۋە تۇرپانشۇناسلىق ئىلىملىرى ئاساسەن XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن كېيىن شەكىللەندى. «دۇنخۇاڭشۇناسلىق» دېگەن ئىسمنى تۇنجى بولۇپ، چېن يىنكې ئەپەندى چېن خېڭنىڭ «دۇنخۇاڭدا بولاڭ ـ تالاڭدىن قالغان يادىكارلىقلار كاتالوگى» (敦煌劫余录) دېگەن كىتابىغا يازغان باش سۆزىدە ئىشلەتكەنىدى. شۇنىڭدىن بۇيان، مەزكۇر نام جۇڭگو ۋە خەلقئارادا دۇنخۇاڭدىكى مىڭ ئۆيلەرگە سىزىلغان بۇددىزم تام رەسىملىرى ھەمدە دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان يازما يادىكارلىقلارنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىمنى كۆرسىتىدىغان بولدى.

تۇرپانشۇناسلىقمۇ ئوخشاشلا بىر ياش پەندۇر. XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، غەرب ئېكسپېدىتسىيەچىلىرى تۇرپان رايونىدىن خېلى كۆپ مەدەنىيەت يادىكارلىقلار، جۈملىدىن يازما يادىكارلىقلارنى قولغا چۈشۈرۈپ ئۆز دۆلەتلىرىگە ئېلىپ كەتتى. كۆپلىگەن شەرقشۇناس ۋە تۇركولوگ ئالىملار مەخسۇس تۇرپان تېپىلمىلىرى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللاندى ۋە ئۇنى «تۇرپانشۇناسلىق» دەپ ئاتىدى. دۇنخۇاڭ بىلەن تۇرپان ئوخشاشلا يىپەك يولىدىكى بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ مەشھۇر مەركەزلىرى بولغان. بۇ ئىككى رايوندىكى بۇددىزم مەدەنىيىتى ئىزلىرىدا ئورتاقلىق مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ. ئۇلار يەنە بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كېيىنكى تەتقىقاتچىلار بۇ ئىككى نامنى بىرلەشتۈرۈپ «دۇنخۇاڭ ـ تۇرپانشۇناسلىق» دەپ ئاتىدى. بۇ ئىلمىي تەتقىقات جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى نۇرغۇن ئالىملارنى ئۆزىگە جەلب قىلىپ كەلمەكتە. ھازىرغىچە دۇنخۇاڭ ـ تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى مول نەتىجىلەرگە ئېرىشتى، دۇنيا مەدەنىيەتشۇناسلىقى ساھەسىدە زور تەسىر قوزغىدى. كۆپلىگەن دۆلەتلەردە ھەريىلى دۇنخۇاڭ ـ تۇرپانشۇناسلىققا دائىر ئاز بولمىغان مەخسۇس ئەسەرلەر ئېلان قىلىنىۋاتىدۇ. تەتقىقات مەلۇماتلىرىدىن قارىغاندا، چەت ئەللەردىكى خېلى كۆپ ئۇنىۋېرسىتېتلاردا بۇ ئىلىم دەرسلىك قىلىپ ئۆتىلىدىكەن. ①

دۇنخۇاڭ ـ تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىنىڭ تەتقىقات مەزمۇنى ئىنتايىن مول ۋە مۇرەككەپ. ئۇنى ئىلمىي

www.uyghurkitap.com

نۇقتىدىن ئەتراپلىق مۇھاكىمە قىلىشقا توغرا كەلسە، يىپەك يولى لىنىيىسىدىكى باشقا بۇددىزم مەدەنىيىتى ئىزلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىنىش لازىم. بولۇپمۇ قەندىھار بۇددىزم مەدەنىيىتى، ئۇدۇن بۇددىزم مەدەنىيىتى ۋە كۇسەن بۇددىزم مەدەنىيىتى قاتارلىقلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئۇلاردىكى خاسلىق ۋە ئورتاقلىقنى ھەمدە ئۇنىڭ سەۋەبىنى تېپىپ چىقىش لازىم. ھەتتا بىزچە بولغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا بۇددىزم مەدەنىيەتلىرى بىلەنمۇ تەپسىلىي سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىنىش زۆرۈر. چۈنكى ئوتتۇرا ئاسىيا (چوڭ مەنىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا) نىڭ قەدىمكى بوددىزم مەدەنىيىتى مىلادىدىن ئىلگىرىكى Ⅲ ئەسىردىن مىلادى Ⅸ ئەسىرگىچە بولغان 1000 يىلدىن ئارتۇق مەدەنىيەت مۇساپىسىدە، ئوتتۇرا ئاسىيا بۇددىزم مەدەنىيىتى چەمبىرىكىنى ھاسىل قىلغان. ②

ئەلۋەتتە، دۇنخۇاڭ، تۇرپان رايونلىرىنىڭ بۇددىزمدىن ئىلگىرىكى قەدىمكى دەۋر مەدەنىيەتلىرىمۇ مەزكۇر پەننىڭ تەتقىقات ساھەسىدۇر.

ھازىرغىچە، دۇنخۇاڭ ـ تۇرپانشۇناسلىق ئاز بولمىغان نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئەمما بىزنىڭ ئىگىلىشىمىزچە ئالاھىدە ئېتىبار بەرمىسە بولمايدىغان بىر قانچە نۇقتىلار بار. بۇ نۇقتىلار ئايدىڭلاشمىسا، دۇنخۇاڭ ـ تۇرپانشۇناسلىقتا بۇنىڭدىن كېيىن بۆسۈش خاراكتېرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ. بۇ نۇقتىلار تۆۋەندىكىچە:

1. رايونىمىزدىكى قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزنالىرى دۇنخۇاڭ ـ تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى تارتىشى كېرەك. دۇنخۇاڭ، تۇرپان رايونلىرىنىڭ بۇددىزمدىن بۇرۇنلا بار بولغان يەرلىك مەدەنىيىتىنىڭ نۇرغۇن ئىزنالىرى ھەققىدە رايونىمىزدىكى قەدىمكى مەدەنىيەتلەر ئەڭ ياخشى ئۇچۇر بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇددا دىنى مەزكۇر رايونلارغا كىرگەندىن كېيىن، يەرلىك مەدەنىيەت بىلەن قوشۇلۇپ ئۆزىگە خاس بۇددىزم مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن. شۇڭا بۇددىزم پۇرىقى بار مەدەنىيەت ئىزلىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتلاردىمۇ قەدىمكى مەدەنىيەت يىلتىزىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ. ئالايلى، 1980 ـ يىللاردىن باشلاپ، رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئاجايىپ مول مەزمۇنلۇق قىيا تاش رەسىملىرى تېپىلدى. بۇ قىيا تاش رەسىملىرى مەزمۇنىنىڭ موللىقى بىلەن كىشىنى ئۆزىگە ئالاھىدە جەلب قىلىدۇ. مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، رايونىمىزنىڭ 45 شەھەر ۋە ناھىيىسىدىكى 180 دىن ئارتۇق جايدىن بايقالغان قىيا تاش رەسىملىرىنىڭ كۆپىنچىسى مىلادىدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە تەۋە بولۇپ، بە-

زىلىرى ھەتتا بۇنىڭدىن 3000 — 4000 يىل بۇرۇنقى دەرۋىلەرگە مەنسۇپ، بىز ئەنە شۇ مول مەدەنىيەتنى دۇنخۇاڭ - تۇرپانشۇناسلىق نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىپ كۆرۈشىمىز لازىم. كىچىككىنە بىر نۇقتىنى مىسالغا ئالساق، تۇرك - رۇنىك يېزىقىنىڭ مەنبەسى ھەققىدە ھازىرغىچە ئىلىم ساھەسىدە بىرلىككە كەلگەن قاراش يوق. تۇرك - رۇنىك يېزىقىدىكى بەلگىلەر بىلەن قىيا تاش سىزمىلىرىدىكى بەلگىلەرنى سېلىشتۇرغاندا، خېلى كۆپ ئوخشاشلىق بارلىقىنى ھېس قىلىمىز. بىزنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە ئۆگىنىشىمىزچە، تۇرك - رۇنىك يېزىقىدىكى 38 بەلگىنىڭ 23 خىلىنى قىيا تاش سىزمىلىرى ئارىسىدىن تاپقىلى بولىدۇ. بۇ بەلگىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى مورى قابا، جىمىنەي ناھىيىلىرىدىكى قىيا تاش رەسىملىرى، لوپنۇر ناھىيىسىدىكى قۇرۇقتاغ، چەرچەن ناھىيىسى، توقسۇن ناھىيىسىدىكى پەنجىر تاغ قىيا تاش رەسىملىرى ئىچىدە كۆرۈلىدۇ. تۇرك - رۇنىك يېزىقىدىكى يازما يادىكارلىقلار دۇنخۇاڭدىنمۇ خېلى تېپىلدى. شۇڭا مەزكۇر يېزىق ھەققىدىكى تەتقىقاتمۇ دۇنخۇاڭ - تۇرپانشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات دائىرىسىگە كىرىشى لازىم. بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەش زۆرۈركى، دۇنخۇاڭ - تۇرپان رايونلىرىدا ھازىر بار بولغان مەدەنىيەت ئىزلىرىنىڭ نۇرغۇن مەنبەلىرىنى مۇشۇ كەڭ دائىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن ئىزدەش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، بىر قەدەر ئىلمىي ۋە مۇكەممەل نەتىجىلەرگە ئېرىشىشىمىز مۇمكىن. ئەلۋەتتە مېنىڭ بۇ يەردە تىلغا ئالغىنىم كىچىككىنە بىر مەسىلە. بىزنىڭ ناھايىتى كەڭ دائىرىدىكى قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرى ئارقىلىق، دۇنخۇاڭ - تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتىدا تېخى ھەل قىلىنمىغان مەدەنىيەت ئامىللىرىنى تەتقىق قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئۆۋەتتە، بۇ سەل قاراشقا بولمايدىغان مۇھىم بىر نۇقتا ھېسابلىنىدۇ.

2. دۇنخۇاڭ - تۇرپانشۇناسلىقتا ئېلىنىزم (گرېك مەدەنىيىتى) نىڭ تەسىرى ئۈستىدىكى تەتقىقاتىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش زۆرۈر؛ مىلادىدىن ئىلگىرىكى Ⅳ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ئالېكساندىر ماكىدونىسكى شەرقتە ئوتتۇرا ئاسىيانىمۇ ئىشغال قىلدى. مىلادىدىن ئىلگىرىكى Ⅲ ئەسىرلەردە، يەنى مائۇريا سۇلالىسى دەۋرىدىلا، قەندىھاردا بۇددىزم مەدەنىيىتى ئېلىنىزم بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، ئۆزگىچە خاس بۇددىزم مەدەنىيىتى ھالقىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەنىدى. شۇڭا، كېيىنكى چاغلاردا رايونىمىزغا تارقالغان بۇددىزم مەدەنىيىتى تەركىبىدە ئېلىنىزمنىڭ روشەن تەسىرى ئەكس ئەتمەي قالمىدى. بۇ ئىلىم

www.uyghurkitap.com



ساھەسىدە ناھايىتى چوڭ تەتقىقات تېمىسىدۇر. ساپ بۇددىزم بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيەتنى پەرقلەندۈرۈش قانچىلىك مۇھىم ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بولسا، ساپ بۇددىزم مەدەنىيەتى ۋە ئېلىنىزم بىلەن ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيەتنى پەرقلەندۈرۈشمۇ ئوخشاشلا شۇنداق ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. بۇ نۇقتىدىمۇ تەتقىق قىلىنىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر ئىنتايىن كۆپ. شۇنداقلا بۇ مەسىلىلەر ناھايىتى مۇھىم ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. تەتقىقات نەتىجىلىرى شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ئەسلى بۇددا نوملىرى ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرىشتىن ئىلگىرى قەلەمگە ئېلىنمىغان، ئۇ ئاغزاكى شەكىلدە ئېغىزدىن - ئېغىزغا، دەۋردىن - دەۋرگە ئۆتۈپ كەلگەن. پەقەت ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يېزىق تىلى ئۇنىڭغا ناھايىتى زور ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتكەن. ھەيكەلتاراشلىق ۋە ھەيكەلگە چوقۇنۇش ئەسلى بۇددا دىنىدا يوق بولۇپ، ئۇ ئېلىنىزمنىڭ تەسىرى بىلەن مىلادىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئوتتۇرا ئاسىيادا بارلىققا كەلگەن. ئەلۋەتتە، بۇددىزم رەسسامچىلىقى ئەسلى ھىندىستاندىمۇ بار ئىدى. ئەمما ھەيكەلچىلىك يوق ئىدى.③ تۇرپاندىن تېپىلغان نۇرغۇن لاي ۋە ياغاچ ھەيكەللەر تۇرىنىڭ ھەر خىللىقى بىلەن كۆزنى قاماشتۇرىدۇ. بۇ ھەيكەللەرنى ھەيكەلتاراشلىق ۋە مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن ئەتراپلىق ۋە ئىنچىكە تەتقىق قىلالمىساق قەدىمكى تۇرپان رايونىدىكى بۇددىزم مەدەنىيىتىنى تولۇق چۈشەنگەن بولمايمىز. ئەلۋەتتە، بۇ ھەيكەلتاراشلىقنىڭ ئېلىنىزم بىلەن زادى قانچىلىك مۇناسىۋىتى بارلىقى مەسىلىسى بۇ تەتقىقات تېمىسىنىڭ مۇھىم ھالقىسى بولۇشى لازىم.

3. دۇنخۇاڭ - تۇرپانشۇناسلىقتا ئېتىمولوگىيە تەتقىقاتى بىلەن يازما يادىكارلىقلار تەتقىقاتىنى زىچ - بىرلەشتۈرۈش كېرەك. مەيلى خەلق ئېتىمولوگىيىسى بولسۇن، مەيلى ئىلمىي ئېتىمولوگىيە بولسۇن ھەر ئىككىلىسى ئۆزىگە خاس ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. ئەمما ئېتىمولوگىيە تەتقىقاتىدا بىز ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار ۋە قەدىمكى يازما يادىكارلىقلارغا مۇراجىئەت قىلىپ، مۇكەممەل يەكۈنگە ئېرىشەلمىسەك ئۇنىڭ ئىلمىي قىممىتى يۇقىرى بولمايدۇ. بىزنىڭ نۆۋەتتىكى دۇنخۇاڭ - تۇرپانشۇناسلىقىمىزدا مەزكۇر نۇقتا ئىنتايىن ئاجىز ھالقا بولۇپ كەلمەكتە. شۇنى سەمىمىيلىك بىلەن ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، بىز بۇ جەھەتتە ھېچقانچە تەتقىقات قىلالمىدۇق. ئەمما، بۇ ھەقتە قىلىدىغان ئىشلار ناھايىتى كۆپ. مىسال ئۈچۈن بىز قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئەسلى نۇسخىسى مىلادى XIII، XIV ئەسىرلەردە تۇرپاندا دەپ قارىلىدىغان «ئوغۇزنامە» دىكى كە-

چىككىنە بىر مەسىلىگە مۇراجىئەت قىلىپ كۆرەيلى. «ئوغۇزنامە» نىڭ بۇ ئەڭ قەدىمكى ۋارىيانتىدا بارماقلىق يۇسۇن بىلىگ دېگەن ئادەمنىڭ تۇنجى بولۇپ قانقا (هارۋا) نى ياساپ چىققانلىقى بايان قىلىنىدۇ. بۇ ئادەم ياساپ چىققان قانقىدىن يول يۇرگەندە «قاڭقا - قاڭقا» دېگەن ئاۋاز چىققانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا «قاڭقا» دەپ ئىسىم قويغانلىقى، بارماقلىق يۇسۇن بىلىگكە ۋە ئۇنىڭ قەبىلىسىگە «قاڭقا» دېگەن نامنى بەرگەنلىكىمۇ بايان قىلىنىدۇ. تۇرپانلىقلار قەدىمدىن تارتىپ تۇرپان مۇنارىسى ئەتراپىنى «قاڭقا بازار»، «قانقا مەھەللە» دەپ ئاتايدۇ. ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۇرۇشلەر نەتىجىسىدە، تۇرپان ئويمانلىقى، تەڭرىتاغلىرىنىڭ تۇرپان بۆلەكلىرىدىن كۆپلىگەن ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار تېپىلدى. بۇ ماتېرىياللار بىزگە قاڭقا بىلەن مۇناسىۋەتلىك ناھايىتى قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە قاڭقانىڭ ئىپتىدائىي شەكلىنى كۆرسىتىدىغان سىزما يادىكارلىقلارمۇ رايونىمىزدىن كۆپ تېپىلدى. ئالايلى، ئارا تۇرك ناھىيىسى، ئالتاي شەھىرى، چاغانتۇقاي ناھىيىسى، جىمىنەي ناھىيىسى قاتارلىق جايلارىدىكى قىيا تاشلاردا قانقاغا ئائىت رەسىملەر بار. بۇ كىچىك مەسىلىدەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ناھايىتى چوڭ مەدەنىيەت ھادىسىلىرىگە بېرىپ باغلىنىدۇ. چۈنكى، چاقنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدىكى غايەت زور بىر بۆرۈلۈش دەۋرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. قانقانىڭ كەشىپ قىلىنىشى يولنى شەكىللەندۇرۇپ، رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالاقىسىنى تېزلەتتى. تېخىمۇ چوڭراق دائىرىدىن ئېيتقاندا، يولنىڭ بارلىققا كېلىشى مۇقىم ئولتۇراق رايونلىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئولتۇراق كاپالىتىنى كۈچكە ئىگە قىلدى. دېمەك، بۇ يەردە دېمەكچى بولغىنىمىز ئېتمولوگىيە ئىلمىي بىلەن دۇنخۇاڭ - تۇرپانشۇناسلىقنى بىرلەشتۇرگەندە كۆپلىگەن مەدەنىيەت ئامىللىرىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلغىلى بولىدىغانلىقىدۇر.

4. دۇنخۇاڭ - تۇرپانشۇناسلىق دۇنخۇاڭ ۋە تۇرپان رايونلىرىدىن تېپىلغان يازما يادىكارلىقلارنىڭ مەدەنىيەت مەزمۇنىنى ئەتراپلىق تەتقىق قىلىش يۆنىلىشىگە قاراپ مېڭىشى لازىم. يازما يادىكارلىقلار ئۈستىدە مەخسۇس تەتقىقاتنى قانات يايدۇرمىغاندا، بىر پۈتۈن ئومۇمىي مەدەنىيەتنىڭ سىماسىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. گەرچە XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى دۇنخۇاڭ ۋە تۇرپان رايونلىرىدىن نۇرغۇنلىغان يازما يادىكارلىقلارنى چەت ئەللەرگە ئېلىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار بۇ يازما يادىكارلىقلارنىڭ كاتالوگىنى تۈزۈپ، ترانسكرىپىت-

سىيە ۋە يەشمىسىنى ئىشلەش، تىل ۋە يېزىق جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى تەتقىق قىلىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. يازما يادىكارلىقلىرىمىزنىڭ مەدەنىيەت مەزمۇنى ھەققىدىكى تەتقىقات ئۇلاردا يوق دېيەرلىك ھالەتتە تۇرماقتا. بۇ يازما يادىكارلىقلارنىڭ ئۆزئىچىگە ئالغان مەدەنىيەت مەزمۇنىنى تەتقىق قىلىشتا، ئالدى بىلەن ئۇلارنى مەزمۇن يېقىدىن تۈرلەرگە ئايرىپ چىقىپ، ئاندىن تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئايرىپ چىققاندىن كېيىن، ھەربىر ئەدەبىي ئەسەرنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىسى، ئۇنىڭدا ئەكس ئەتكەن ھەرخىل ئىجتىمائىي قاراشلار ئۈستىدە ئىنچىكە تەھلىل ئېلىپ بېرىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا سىستېمىلاشقان ئومۇمىي تەتقىقات نەتىجىسىنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدۇ. مەدەنىيەت ناھايىتى مۇرەككەپ ئىجتىمائىي ھادىسە. شۇڭا ئۇنى بىرەر پەننىڭ مەلۇم بىر نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىپ تولۇق يورۇتۇپ بەرمەكى تەسكە توختايدۇ. دۇنخۇاڭ - تۇرپانشۇناسلىق چوقۇم ھەرقايسى پەنلەرنىڭ تەتقىقات ئۇسۇلىدىن تولۇق پايدىلىنىشى كېرەك. بولۇپمۇ دىنشۇناسلىق، ئارخېئولوگىيە، ئانتروپولوگىيە، سېلىشتۇرما مەدەنىيەتشۇناسلىق، مەدەنىيەت جۇغراپىيەشۇناسلىق قاتارلىق پەنلەرنىڭ تەتقىقات ئۇسۇللىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ھەر تەرەپلىمە تەتقىق قىلغاندا، چوقۇم كىشىنى قايىل قىلارلىق ئىلمىي نەتىجىلەرگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. گەرچە دۇنخۇاڭ ۋە تۇرپان رايونلىرىنىڭ ئەينى چاغلاردا مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بولغانلىقى، كېيىن بۇ مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ ئۆچكەنلىكى مەسىلىلىرى ھەممە ئادەم چۈشىنىدىغان مەسىلىلەر بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ھەربىر ھالقىسى ۋە مەدەنىيەت گەۋدىسى ئۈستىدە كونكرېت تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئىشلىرى تەلەپتىن كۆپ يىراق تۇرماقتا.

5. دۇنخۇاڭ - تۇرپانشۇناسلىقنى رايونىمىزدىن تېپىلغان قەدىمكى توخرى ۋە ساك تىلى يازما يادىكارلىقلىرى تەتقىقاتى بىلەن مەلۇم نۇقتىدىن بىرلەشتۈرۈش كېرەك. مەلۇمكى، تۇرپان ۋە دۇنخۇاڭلاردىن بۇ ھەقتىكى نۇرغۇن يازما يادىكارلىقلار تېپىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە قەشقەر، خوتەن، كۇچا قاتارلىق جايلاردىنمۇ بۇ ھەقتىكى كۆپلىگەن يازما يادىكارلىقلار تېپىلدى. ھازىر دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ساقلىنىۋاتقان توخرىچە ۋە ساكچە يازما يادىكارلىقلار مىڭ پارچىدىن ئاشىدۇ. ئەمما④ يېقىنقى 30 نەچچە يىلدىن بۇيان، ياۋروپا شەرقشەناسلىرى بۇ ھەقتە دەسلەپكى تەتقىقاتلارنى ئىشلىدى. جۇڭگودا، بۇ ھەقتىكى تەتقىقات تېخى تولۇق قولغا ئېلىنمىدى دېسەك ئارتۇق كەتمەس. توخرىچە ۋە ساكچە

(ئاخىرى 58 - بەتتە)

# ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلى ھەققىدە

غالىپ بارات ئەرك

ئۇيغۇر تارىخىدا يېشىلمىگەن
سىرلار تېخى كۆپ. شۇلارنىڭ ئى-
چىدە ئۇيغۇر خانلىقلىرىنىڭ ئەينى
تارىخىي دەۋردە نېمە دەپ ئاتالغانلى-
قى توغرىسىدا بەزى مەسىلىلەر ساق-
لانماقتا. بۇ ھەقتە جياڭ چىشياڭ
ئەپەندى «شىنجاڭ خاقانىيە سۇلالى-
سىنىڭ پۇللىرى» ① ناملىق كىتا-
بىدا تارىخىي ماتېرىياللاردا «قارخا-
نىيلار» دەپ ئاتالغان سۇلالىنىڭ
ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن
«خاقانىيە» دەپ ئاتالغانلىقى، خەن-
زۇچە ماتېرىياللاردىمۇ تەلەپپۇز
تەرجىمىسى بويىچە 黑韩 ياكى 黑汗
ئاتالغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.
دەر ھەقىقەت، خاقانىيە دەۋرىدە يا-
شىغان بۈيۈك مەتەپەككۇر، تىلشۇ-
ناس مەھمۇت كاشغەرىمۇ «تۈركىي
تىللار دىۋانى» دا بۇ خاقانلىقنى
«خاقانىيە» دەپ ئاتىغان. ئەمدىكى
گەپ تارىخ تەتقىقاتىدا تارىخىي رېئال-
لىققا ھۆرمەت قىلغان ھالدا ماتېرى-
يالىستىك نۇقتىئىنەزەر بىلەن تارى-
خىي مەسىلىلەرنى ئېنىقلاشتۇر.
بىز بۇ ماقالىمىزدا ئاساسەن جاۋاب
ئىزدىمەكچى بولغىنىمىز ئەنە شۇ
خاقانىيەنىڭ زاماندىش قوشنىسىنىڭ
ئەينى چاغدا قانداق ئاتالغانلىقى مە-
سىلىسىدۇر.

مىلادى 840 - يىلى ئورقۇن
- يەنسەي ۋادىسىنى مەركەز قىلغان
ئۇيغۇر خانلىقى تەبىئىي ئاپەت،
ئىچكى نىزا ۋە ئەينى تارىخىي دەۋر-
دە قوشنا ھاكىمىيەتلەرنىڭ بىرلەش-
مە ھۇجۇمى تۈپەيلىدىن يىمىرىل-
دى. نەتىجىدە خانلىقنىڭ ئورقۇن
يەنسەي ۋادىسىدىكى ئاساسىي قىسىم
ئاھالىلىرى ھەر تەرەپكە كۆچۈشكە
مەجبۇر بولدى. بۇ كۆچۈشلەردىن
چوڭراق ئىككى بۆلىكى ھەققىدە
خەنزۇچە كىلاسسىك تارىخنامىلاردە
ئېنىق خاتىرە قالدۇرۇلغان بولۇپ،
بىر بۆلىكى ئۆگە تېگىن باشچىلىقى-
دا سەددىچىن ئەتراپىغا كۆچۈپ،
تاڭ سۇلالىسىنىڭ ياردىمىدە خانلىق-
نى تىرىلدۇرمەكچى بولغان، ھەمدە
ئۆزىنى «قاغان»، دەپ ئاتىغان بول-
سىمۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي پۈتۈنلەي تا-
رىخ سەھنىسىدىن يوقالدى. ئالىملار
200 مىڭ ئەتراپىدا دەپ تەخمىن
قىلىنغان ئۆگە تېگىننىڭ باشچىلى-
قىدىكىلەردىن باشقا، تەخمىنەن
300 مىڭدەك ئاھالە پان تېگىننىڭ
باشچىلىقىدا ئانا ماكانى قورىغارغا -
قېرىنداشلىرىنىڭ قېشىغا قاراپ
كۆچتى. بۇ بۆلەك كۆچۈپ گەنسۇ
ئەتراپىغا كەلگەندە يەنە ئىككىگە بۆ-
لۈنۈپ، بىر بۆلىكى شۇ ئەتراپتىكى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



قېرىنداشلىرىنىڭ قېشىدا قالدى، ھەمدە گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇپ، بىر ئەسىردىن ئوشۇق ھۆكۈم سۈردى. بىر بۆلىكى بولسا داۋاملىق كۆچۈپ تۇرپان، قاراشەھەر ئويمانلىقىغا كېلىپ بۇ جايدىكى تۇبۇتلەرنى قوغلاپ چىقىرىپ، ئۆز ھاكىمىيىتىنى تىكلىدى، ھەمدە پارلاق تارىخىي مىراسلارنى قالدۇرۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا، جۇملىدىن شىنجاڭ تارىخىغا بەلگىلىك تۆھپە قوشۇپ، تارىخ بېتىدىن مەڭگۈلۈك ئورۇن ئالدى. ئەمما توت ئەسىردەك داۋام قىلغان مول مەدەنىيەت ئىزلىرىنى قالدۇرغان بۇ خاقانلىقنىڭ ئەينى تارىخىي دەۋردە نېمە دەپ ئاتالغانلىقى بىلەن ھېسابلاشماستىن، تارىخچى ۋە ئەدەبىياتشۇناسلىرىمىز «قوچۇ خانلىقى، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى، ئىدىقۇت خانلىقى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى، غەربىي ئايماق ئۇيغۇرلىرى، ئىدىقۇت گاۋچاڭ ۋاڭلىقى، غەربىي ئۇيغۇر ئېلى» دېگەندەك ناملارنى ياساپ قوللانغان. مەسىلەن،

1. ئابلەت نۇردۇن تۈزگەن «تارىخ ئاتالغۇلىرى تەرجىمىسى قوللانمىسى» دا «ئۇيغۇر ئىدىقۇتلۇقى» (回鹘亦都护) دېگەن ئاتالغۇ قوللىنىلغان.

2. ئىسمائىل تۆمۈر «ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى مەدەنىيىتى» دېگەن كىتابىدا «ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى» دەپ ئاتىغان بولۇپ، خەنزۇچىغا (高昌回鹘汗国) دەپ تەرجىمە قىلغان. ئەنۋەر بايتۇر «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى» ناملىق كىتابىدىمۇ «ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى» دەپ ئاتىغان.

3. ليۇ زىشياۋ «ئۇيغۇر تارىخى» دېگەن كىتابىدا «شىجۇ (قوچۇ) ئۇيغۇرلىرى» دەپ ئاتىغان.

4. مالىيەۋكىن «IX – XII ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى» دېگەن كىتابىدا «تۇرپان خانلىقى» دەپ ئاتىغان.

5. ليۇيىتاڭ «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات» دا، لىن گەن، گاۋزىخۇلار «ئۇيغۇر تارىخى» دا، «شىنجاڭ يەرلىك تارىخى» قاتارلىق ئەسەرلەردە «غەربىي ئايماق ئۇيغۇرلىرى» (西州回鹘) دەپ ئاتىغان.

6. ئابىتاكىئو «غەربىي ئۇيغۇر ئېلىنىڭ تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات» ناملىق كىتابىدا («ئۇيغۇر ئېلى») دەپ ئاتىغان.

7. گابائىن خانىم «قوچۇ ئۇيغۇر ئېلىدە ئىجتىمائىي ھايات» دېگەن كىتابىدا، شىن يۇلياڭنىڭ «جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى مىللەتلەر ھەم ئۇلارنىڭ سىياسىي ھاكىمىيەتلىرى ئۈستىدە تەتقىقات»، «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «جۇڭگودىكى مىللەتلەر تارىخى» (جياڭ يىڭلياڭنىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن)، توختى مۇزارتنىڭ «ئۇيغۇرلار تارىخى ۋە مەدەنىيىتى ئۈستىدە تەتقىقات»، «ئۇيغۇرلار-

نىڭ قىسقىچە تارىخى» قاتارلىق
كىتابلاردا «قوچۇ ئۇيغۇر خانلى-
قى» ( 高昌回鹘汗国 ) دەپ ئا-
تالغان.

8. قاھار بارات، لىيۇيىڭشىڭ
«ئىدىقۇت گاۋچاڭ ۋاڭلىقى تۇھپە
مەڭگۇ تېشىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر
تېكىستى ئۈستىدە سېلىشتۇرما تەت-
قىقات» ناملىق ماقالىسىدە «ئىدى-
قۇت گاۋچاڭ ۋاڭلىقى» دەپ ئاتى-
غان.

خەلق ئارىسىدا «ئىسىم ئىگى-
سىدىن كېلۇر» دېگەن سۆز بار.
ئۆز دەۋرىدىكى نامىنى ئېنىقلاپ
قوللىنىش ئىمكانىيىتى بار تۇرۇق-
لۇقمۇ بۇ خاتالىقنى تۈزەتمەي ئۆز
نامى بىلەن ئاتىماسلىق، ئارتۇقچە
ئىسىم ياساپ قوللىنىش تازا ئىلمىي
پوزىتسىيە بولمىسا كېرەك. بۇ خاندا-
لىقنىڭ نامى ھەققىدە شۇ زاماندىكى
ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇت كاشغەرى
«تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «ئۇيغۇر
بىر ئەلنىڭ نامى، ئۇنىڭ بەش شە-
ھىرى بار» ② دەپ ناھايىتى ئېنىق
مەلۇمات بەرگەن. بۇ ناھايىتى ئى-
شەنچلىك مەلۇمات. چۈنكى شۇ
دەۋردە ياشىغان خاقانىيە شاھزادىسى
مەھمۇت كاشغەرى دىنى جەھەتتىن
دۈشمەن دەپ قارىغان خانلىقنىڭ نا-
مىنى بىلمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس.
يەنە كېلىپ شۇ ئەل دائىرىسىدە،
ئەسىرى ئۆچۈن تىل تەكشۈرۈش ئې-
لىپ بارغان بولۇشى مۇمكىن.

ئەمدى شۇ خانلىقتا ياشىغان
ئۇيغۇر ئەدىب، ئالىملىرىمىزنىڭ
نېمە دەپ يازغانلىقىغا كەلسەك پىلل-
ئۆت ئېلان قىلغان Chiois 2988
ئىندىكىستىكى قەدىمكى ئۇيغۇر يې-
زىقىدىكى يادىكارلىقتا خانلىق ھۆ-
كۈمدارىنى u(y)rurqan دەپ ياز-
غان. ③

X ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇر
ئالىمى سىڭقوسەلى تۇتۇڭ تەرىپى-
دىن تەرجىمە قىلىنغان بۇددا نوم-
نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى
پارچىسىدا on uyrur ilin ④ دەپ
يېزىلغان.

ئۇشبۇ خانلىق ھۆكۈمدارلىرى-
نىڭ تۇھپىسىگە بېغىشلانغان «تۇھ-
پە مەڭگۇ تېشى» دا «پۈتۈن ئۇيغۇر
ئېلىنى بورۇنقىدەك باستۇرۇپ ئول-
تۇردى. . . ، ئالتۇن تامغا بىلەن
گاۋچاڭ ۋاڭ دېگەن نامنى ئېلىپ.
. . . . . » ⑤ دېيىلگەن. بۇ مەڭگۇ
تاش 1334 - يىلى قەدىمكى ئۇيغۇر
تىل يېزىقىدا تاشقا ئويۇلۇپ، گەن-
سۇنىڭ ۋۇۋېي دېگەن يېرىگە تىكلەن-
گەن. بۇ مەڭگۇ تاشتا ناھايىتى ئې-
نىق قىلىپ «ئۇيغۇر ئېلىگە»،
«ئۇيغۇر ئېلىن» (107 -، 149 -
قۇرلار) دەپ ئاتالغان. 152 - قۇر-
دىكى «ئالتۇن تامغا گاۋچاڭ ئوڭ
ئات بىر دورۇپ» دىكى «گاۋچاڭ
ئوڭ» 高昌王 بولۇپ, شۇ تارىخىي
دەۋردە يەنىلا «ئۇيغۇر خانى» دېگەن
مەنىنى بېرەتتى. چۈنكى شۇنىڭدىن
كېيىنرەك تۈزۈلگەن قەدىمكى ئۇي-
غۇر تىلى بىلەن خەنزۇ تىلى-
نىڭ سېلىشتۇرما سۆزلىكىدە

uyghurkitap.com



«高昌畏兀儿» ⑥ ئىبنىق سىپلىنىش-
تۇرما بېرىلگەن. مەيلى ئۇيغۇر يا-
كى خەنزۇ ئىسىم تۈزگۈچى بولسۇن
بۇ تەكىداشلىقنى ئىزاھلاشتا خاتالى-
شىشى قەتئىي مۇمكىن ئەمەس.
شۇڭا ئىپىتىش مۇمكىنكى، 高昌
بولسا ئۇيغۇر نامىنىڭ باشقىچە بىر
تەرجىمىسى بولۇپ، بەزى مەنبەلەر-
دە كۆرۈلىدىغان 高昌国 مۇ «ئۇي-
غۇر ئېلى» نى كۆرسەتسە كېرەك.
يۇقىرىقىلارنى يەنە باشقا تارىخىي
مەنبەلەرمۇ ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ.
مەسىلەن، «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي
تارىخى» دا «تەيزۇنىڭ 4 ـ يىلى
(1209 ـ يىلى) باھاردا ئۇيغۇر
ئېلى (畏兀儿国) تەۋە بولدى.
6 ـ يىلى ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئىدى-
قۇتى تاۋاپقا كەلدى» ⑦ دېيىلگەن.

«يۈەن شىڭزۇنىڭ ئىستېلا تا-
رىخى» دا «ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدىقۇتى
قىتانلارنىڭ دۆلەت نازارەتچىسىنى
ئۆلتۈرۈپ شۆھرەت قازاندى» ⑧
دېيىلگەن.

«موڭغۇل تارىخىدىن خاتىرى-
لەر چىڭگىزخان تەزكىرىيىسى» دە
«ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئىدىقۇتى بار-
چۇق» ⑨ دەپ خاتىرىلەنگەن.

موللا مىرسالىھ كاشغەرى
«چىڭگىزنامە» ⑩ ناملىق ئەسىرىدە:
موللا مۇسا سايرامى «تارىخى ھەمى-
دى» ⑪ دە بۇ خانلىقنى «مەملىكىتى
ئۇيغۇر» دەپ خاتىرىلىگەن.

دېمەك، بۇ خانلىق قەدىمكى
ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، موڭغۇلچە،
پارسچە يادىكارلىقلاردا كۆپ ھاللار-
دا «ئۇيغۇر ئېلى» دەپ ئاتالغان.

مەلۇمكى ئۇيغۇر ئېلى تەۋەسىدىكى
ئۇيغۇرلار تارىختا تۈرك (رۇنىك)
يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى،
براھمى يېزىقى، مانى يېزىقى،
سوغدى يېزىقى... قاتارلىق يېزىق-
لارنى ئىشلىتىپ نۇرغۇن يادىكار-
لىقلارنى قالدۇرغاندىن سىرت، يەنە
قەدىمكى خەنزۇ يېزىقى ئارقىلىق
ئۆز تىلىنى خاتىرىلەپ، بىر قىسىم
يادىكارلىقلارنى قالدۇرغانىدى. تۇر-
پاندىن تېپىلغان يادىكارلىقتىكى تام-
غىدا ⑫ (大福大回鹘国) دېگەن
خەتلەر بولۇپ، بۇنىڭ مەنىسى «ئى-
دىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى» ئىدى.
بۇلاردىن قارىغاندا مەيلى مۇشۇ خا-
نلىقتا ياشىغان ئۇيغۇرلار بولسۇن
ياكى قوشنا ئەل خاقانىيىدىكى ئۇي-
غۇرلار بولسۇن ئۇلارنى «ئۇيغۇر»
ئېلىنى «ئۇيغۇر ئېلى» دەپ ئاتىغان-
لىقتىن شۇ تارىخى دەۋردە بىردەك
«ئۇيغۇر ئېلى» دەپ ئاتالغان.

تۇرپان ۋە قارا شەھەر ئويماد-
لىقىنى مەركەز قىلغان بۇ خانلىق
مىلادى 840 ـ يىلى ئاغدۇرۇلغان
ئۇرقۇن ـ يەنسەي ۋادىلىرىنى مەر-
كەز قىلغان ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ بى-
ۋاسىتە داۋامى بولۇپ، خانلىق يې-
مىرىلگەندىن كېيىن، پان تېگىن
باشچىلىقىدا كۆچكەن بۆلىكى
ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. بۇ ئەلنىڭ
سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ تەرجىمە قىلغان
نوم پارچىسىدا «ئون ئۇيغۇر ئېلى»
دەپ ئاتىغىنىغا قارىغاندا، ئون ئۇي-
غۇر قەبىلىرىنى ئاساسىي گەۋدە
قىلغان ھالدا بارلىققا كەلگەن بولۇ-
شى مۇمكىن. يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆت-

كۆنىمىزدەك، بۇ خانلىق ئاھالىسى ۋە قوشۇنلىرى تەرىپىدىن «ئۇيغۇر ئېلى» دەپ ئاتالغان.

(ئاپتور: جەرچەن ناھىيىلىك پۇچتا تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ خىزمەتچىسى)

① جياڭ چىشياڭ شىنجاڭ خاقانىيە پۇللىرى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1990 - يىلى خەنزۇچە نەشرى 1 - بەت.
② مەھمۇت كاشغەرى «تۈركى تىللار دىۋانى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 1 - توم، 151 - بەت.
③ لى جىڭۋېي «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ۋەسىقىلەر ئۈستىدە تەتقىقات» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1996 - يىل خەنزۇچە نەشرى 286 - بەت.
④ «تارىم» ژۇرنىلى ئۇيغۇرچە، 1986 - يىل 2 - سان 152 - بەت.
⑤ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ئۇيغۇرچە 1985 - يىل 1 - سان 114 - بەت.
⑥ «ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى» مىللەتلەر نەشرىياتى 1984 - يىل نەشرى 43 - بەت.
⑦ ليۇيىتاڭ «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات» 1975 - يىل تەيۋەن جىڭجۇڭ نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى 31 - بەتتىكى نەقىلدىن ئېلىندى.
⑧ «ئېلىمىز مەتبەلىرىدىكى شىنجاڭ تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللاردىن تاللانما توپلام» بېيجىڭ خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى 178 -، 181 - بەتلەر.
⑨ «ئېلىمىز مەتبەلىرىدىكى شىنجاڭ تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللاردىن تاللانما توپلام» بېيجىڭ خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى 178 -، 181 - بەتلەر.
⑩ موللا مىرسالىھ كاشغەرى «چىڭگىزنامە» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى ئۇيغۇرچە نەشرى 26 - بەت.
⑪ موللا مۇسا سايرامى «تارىخىي ھەمىدى» مىللەتلەر نەشرىياتى 1989 - يىل ئۇيغۇر نەشرى 69 - بەت.
⑫ «شىنجاڭ ياشلىرى» ئۇيغۇرچە 1989 - يىلى 4 - سان 43 - بەت.

**تەھرىرى: ئابدۇقېيۇم خوجا**

(بېشى 48 - بەتتە)

يازما يادىكالىقلارنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ئۇ بىزنىڭ دۇنخۇاڭ - تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتىمىزدىكى بەزى نۇتۇق نۇقتىلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ. شۇڭا بۇ نۇقتىنىمۇ سەل قاراشقا بولمايدۇ.

ئەگەر يۇقىرىقى بىر قاتار مەسىلىلەر دۇنخۇاڭ - تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتىدا ئالاھىدە ئېتىبارغا ئېلىنسا، ئۇ چاغدا بۇ ئىلىمنىڭ تېخىمۇ يېڭى، تېخىمۇ قىممەتلىك ئىلمىي نەتىجىلىرى ھامان بىزگە مەنسۇپ بولىدۇ.

(ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكولتېتىنىڭ دوتسېنتى)

① جى شيەنلىن: «بۇددا دىنى ۋە جۇڭگو ھىندىستان مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى»، جياڭشى خەلق نەشرىياتى، 1993 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 142 - بەت.
② خې يۈن: «بۇددىزم مەدەنىيىتىدىكى يۈز مەسىلە»، بوگۇنكى جۇڭگو نەشرىياتى، 1992 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 83 - بەت.
③ يۇقىرىقى كىتاب، 84 - بەت.
④ لىن مېيسۇن: «غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى»، شەرق نەشرىياتى، 9995 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 139 - بەت.

**تەھرىرى: ئىسراپىل يۇسۇپ**

ئۇيغۇر كىتاب تورى uyghurkitap.com



# تۇرپان كارىزلىرى توغرىسىدا

نىياز كېرىم

جۇڭگودىكى ئەڭ چوڭ قۇرۇلۇشنىڭ بىرى بولغان سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 6700 كىلومېتىر. بېيجىڭ - خاڭجۇ قانىلىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1794 كىلومېتىر، شۇ قۇرۇلۇشلارنىڭ بىرى بولغان تۇرپان كارىزلىرىغا كەلسەك 1957 - يىلىدىكى مەلۇمات بويىچە تۇرپاندىكى كارىزلارنىڭ سانى 1237 بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 6000 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. كارىزلارنى قېزىش ئۈچۈن كەتكەن 50 مىليوندىن ئارتۇق ئەمگەك كۈچى بولۇپ، ھەر يىلى كارىزلارنى رېمونت قىلىشقا كەتكەن ئەمگەك كۈچى بۇ سانغا كىرمەيدۇ. ئۇزۇن تارىخىي جەريانلاردا ئەمەلدىن قالغان، كۆمۈلۈپ كەتكەن كارىزلارنى قوشقاندا كارىزلارنىڭ ئومۇمىي سانى 1600 دىن ئاشىدۇ. قۇرۇلۇشنىڭ كۆلىمى، ئىلمىيلىك دەرىجىسى، ئەقىل - پاراسەتنى نامايان قىلىشى، تارىختىن بۇيان ئوينىغان رولى جەھەتلەردىن قارىغاندا تۇرپان كارىزلىرى ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. ①

تارىخىي ماتېرىياللاردىن قارىغاندا كارىز، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى، ئۆزبېكىستاننىڭ فەرغانە ئويمانلىقى، پاكىستاندىكى بەلۇجىستان، ئىران ۋە كاسپىي دېڭىز بويلىرى، ئىراق، تۈركىيە، ئافغانىستان قاتارلىق جايلارغا تارقالغان. شىنجاڭدا كارىزنىڭ ئەڭ كۆپ تارقالغان جايى تۇرپان، پەچان، توقسۇن ناھىيىلىرى، قۇمۇل ۋە گۇچۇڭلار بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا فۇكاڭ، گۇما، كۇچا، ئاقسۇ، ئۈنسۇ، قەشقەر ۋە خوتەن قاتارلىق جايلاردىمۇ كارىز خارابىلىرى بار. بولۇپمۇ تۇرپان ئويمانلىقىدا ئەڭ كۆپ.

تۇرپان كارىزلىرى ئەڭ قەدىمكى زامانلاردىن تاكى بۈگۈنگىچە ئۇز ھاياتىي كۈچىنى جارى قىلدۇرۇپ كېلىۋاتقان ئۇزۇن تارىخقا ئىگە مەشھۇر قۇرۇلۇش بولۇپ، «ئوت يۇرتى» دەپ ئاتالغان تۇرپان ئويمانلىقىنى بۈگۈنكىدەك دۇنياغا تونۇلغان گۈزەل، ئاۋات ماكانغا ئايلاندۇرۇشتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۈزلۈكسىز رول ئوينىغۇسى.

كارىز ھازىر دۇنيادا نۇرغۇن دۆلەتلەردىكى تەتقىقات خادىملىرىنى جەلب قىلماقتا. ئۇلار كىتاب - ژۇرناللاردا بۇ ھەقتە نۇرغۇنلىغان ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مەملىكە-
تىمىز تەتقىقاتچىلىرى جاپالىق ئىز-
دىنىپ، قىممەتلىك ماتېرىياللارنى
توپلىدى ۋە ئىلمىي ماقالىلەرنى
ئېلان قىلدى.

هازىر كارىز دەسلەپ قەيەردە
پەيدا بولغان دېگەن مەسىلە ئۈستىدە
خىلمۇخىل كۆز - قاراشلار ئوتتۇ-
رىغا قويۇلماقتا. تۇرپان كارىزلىرى-
نى بەزىلەر ئىچكى ئۆلكىلەردىن
تارقالغان دېسە، بەزىلەر ئىراندىن
تارقالغان دەيدۇ، ھەتتا بەزىلەر لىن
زېشۇ ئىجاد قىلىپ بەرگەن دېيىشى-
دۇ. ئەمەلىيەتتە قانداق بولغان؟ بۇ
قۇرۇلۇش قاچان، قەيەردە باشلانغان
ۋە راۋاجلانغان دېگەن مەسىلىلەر
ئۈستىدە دەسلەپكى ئىزدىنىشلىرىمە-
نى تۆۋەندىكىچە بايان قىلىمەن.

## I تۇرپاننىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى

يەر شارى تۆت مىليارد 600
مىليون يىللىق تارىخقا ئىگە. بۇ-
نىڭدىن 400 مىليون يىل ئىلگىرى-
كى ئالدىنقى پالئوزوي ② ئىراسىدا
شىنجاڭ پايانسىز دېڭىز ئاستىدا بو-
لۇپ، پەقەت بوگدونىكى تارىم ئويمان-
لىقى بىلەن جۇڭغار ئويمانلىقىلا سۇ
ئۈستىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئىك-
كى چوڭ ئارال ئىدى. تۇرپان بۇ
چاغلاردا دېڭىز ئاستىدا ئىدى. پال-
ئوزوي ئىراسىنىڭ ئاخىرىغا كەل-
گەندە قىزروم تاغلىرى (كوئېنلۇن
تاغلىرى) تەڭرىتاغ ۋە ئالتاي تاغلى-
رى كۆتۈرۈلۈپ چىقتى. شۇنىڭ بى-
لەن دېڭىز سۈيى چېكىنىپ بىرقانچە
زامانغىچە شىنجاڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ
ھەممە يېرىنى خىلمۇخىل ئۆسۈمە-
لۈكلەر ۋە بوك - باراقسان دەرەخ-
لەر قاپلىغان دەۋر ھۆكۈم سۈردى.
مىزوزوي (ئوتتۇرا ھايات ئىراسى)
غا كەلگەندە تۇرپان، قۇمۇل ئويمان-
لىقىنىڭ گېئولوگىيىلىك قۇرۇل-
مىسىدا ئۆلتۈرۈشۈش يۈز بەرگەچ-
كە چۆكۈندى جىنىسلارنى قوبۇل
قىلغان. بۇنىڭدىن 50 مىليون يىل
ئىلگىرى كاينوزوي ئىراسى (يېڭى
ھايات ئىراسى) 3 - دەۋرنىڭ ئوت-
تۇرلىرىغا كەلگەندە ھىمالايا تاغلى-
رى كۆتۈرۈلۈپ چىققان. شۇنىڭ
بىلەن شىنجاڭ دېڭىز ئوكيانلاردىن
يىراق قۇرغاق رايونغا ئايلانغان.
شۇنىڭدىن كېيىن تۇرپان ئاستا -
ئاستا قاقاس چۆللۈككە ئايلىنىپ
«ئوت يۇرتى» دەپ نام ئالغان. تۇر-
پان ئويمانلىقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپ-
تونوم رايونىنىڭ شەرقىي قىسمىغا
جايلاشقان بولۇپ، دېڭىز ئوكيانلار-
دىن ئەڭ يىراق جايلارنىڭ بىرى.
دېڭىز يۈزىدىن 3500 — 4000
مېتىر ئېگىز بولغان ھەيۋەتلىك
مەشھۇر تەڭرىتاغ تىزمىلىرى ئوي-
مانلىقنى شەرق، شىمال ۋە غەرب
تەرەپلەردىن يېرىم چەمبەر شەكلىدە
ئوراپ تۇرىدۇ. جەنۇب تەرىپىدە دې-
ڭىز يۈزىدىن 600 — 1800 مېتىر
ئېگىز بولغان چۆلتاغ ۋە ئايغىر بو-

www.uyghurkitap.com

لاق تاغلىرى بار. غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا سوزۇلغان 100 نەچچە كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئىدىقۇت تېغى ئويمانلىقنى جەنۇب ۋە شىمالدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا ئايرىپ تۇرىدۇ. ئويمانلىقنىڭ شىمال تەرىپى ئېگىز، جەنۇب تەرىپى پەس، غەرب تەرىپى كەڭ، شەرق تەرىپى تار، ئىككى ئۇچى تار، ئوتتۇرىسى كەڭ، شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان ئۇزۇنلۇقى 245 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان كەڭلىكى 75 كىلومېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، ئومۇمىي يەر مەيدانى 50 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئوشۇق، ئويمانلىقنىڭ ئەڭ چوڭقۇر جايى ئويمانلىقنىڭ جەنۇبىدىكى ئايدىڭكۆل بولۇپ، كۆلنىڭ سۇ يۈزى دېڭىز يۈزىدىن 154 مېتىر تۆۋەن. يېقىنقى يىللاردىكى ئۆلچەش ماتېرىيالىدىن قارىغاندا كۆلنىڭ ئاستى دېڭىز يۈزىدىن 161 مېتىر تۆۋەن، ئويمانلىقنىڭ دېڭىز يۈزىدىن تۆۋەن قىسمى 4000 كۋادرات كىلومېتىردىن ئوشۇق بولۇپ، ئويمانلىقنىڭ ئومۇمىي مەيدانىنىڭ 8% نى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە دېڭىز يۈزىدىن تۆۋەنلىكى 100 مېتىردىن ئاشىدىغان قىسمى 2000 كۋادرات كىلومېتىر. ئويمانلىقنىڭ تۆت ئەتراپى ئېگىز تاغلار بىلەن ئورالغان بولۇپ، ئويمانلىق گويىكى قازانغا ئوخشاش ئوتتۇرىسى ئويمان جاي بولغاچقا، قۇياش نۇرى چۈشكەندىن كېيىن ناھايىتى تېز ئىسسىپ كېتىدۇ، ئەكسىچە ئىسسىق ھاۋا ئاسان تارقىلالمايدۇ. شۇڭا بۇ جاي باشقا جايلارغا قارىغاندا ئالاھىدە ئىسسىق. ستاتىستىكا ماتېرىياللىرىدىن قارىغاندا تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى -29.9°C، يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 49.6°C، يەر يۈزىنىڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 76.6°C، قۇم بارخانلار ئۈستىدىكى ئەمەلىي ئۆلچەنگەن يۇقىرى تېمپېراتۇرا 82.3°C، ئوتتۇرىچە سەككىز بالدىن يۇقىرى بوران يىلىغا 31 قېتىم چىقىدۇ. بوران ئېغىزلىرىدا 100 قېتىمدىن ئاشىدۇ. بوران كۆپ چىقىدىغان توقسۇن ناھىيىسىدە 1961 - يىلى 8 بالدىن يۇقىرى بوران 135 قېتىمغا، بوراننىڭ ئەڭ يۇقىرى تېزلىكى 40 مېتىر سېكونتقا يەتكەن. ئويمانلىق بويىچە كۆپ يىللىق ئوتتۇرىچە يېغىن مىقدارى 16.6 مىللىمېتىر، ئەڭ يۇقىرى يېغىن مىقدارى (1958 - يىلى) 48.1 مىللىمېتىر بولغان، ئەڭ ئاز يېغىن مىقدارى (1968 - يىلى) 2.9 مىللىمېتىر، ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2844.9 مىللىمېتىر بولغان.

تۇرپان ئويمانلىقىدىكى يەر ئۈستى سۇ سىستېمىسى، تەگرىتاغ سۇ سىستېمىسى ۋە ئىدىقۇت تېغى سۇ سىستېمىسى دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

1. تەگرىتاغ سۇ سىستېمىسىدا ئاساسىي ئېقىنلاردىن تېرەك ئېقىـ

نى، يوغان تېرەك ئېقىنى، قار يۈز
ئېقىنى، قاراڭغۇ غول ئېقىنى،
چالقان ئېقىنى، ئۆرتەڭ ئېقىنى،
كۆكيار ئېقىنى، كەرچى ئېقىنى،
ئالغۇي ئېقىنى، ئۇۋىرغول ئېقىنى،
زورمۇتا ئېقىنى، قاتارلىق 13 ئې-
قىن بار. يىللىق ئومۇمىي نورمال
ئېقىن مىقدارى 942 مىليون كۇپ
مېتىر. بۇنىڭدىن بىرنەچچە مىڭ
يىللار ئىلگىرى تۇرپاننىڭ ھاۋاسى
ھازىرقىدىن كۆپ پەرقلىنەتتى.
تاغلاردىكى قار - مۇز سىزىقلىرى
تۆۋەن ئىدى. ھاۋاسى نەمخۇش،
ھۆل - يېغىن كۆپ ئىدى. ئۇ چاغ-
لاردا بۇ ئېقىنلارنىڭ سۈيىمۇ ھا-
زىرقىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ ئى-
دى. بۇ ئېقىنلار ئەسىرلەر داۋامىدا
ئۇرغۇنلىغان قۇم - شېغىل، لاي -
لاتقىلارنى ئېقىتىپ كەلگەن. بۇلار-
نىڭ تەركىبىدىكى يىرىك جىنسلار
تاغدىن چىقىپلا چۆكۈپ تاغ باغرىدى-
كى جايلاردا سۇ ئۆتكۈزۈشچانلىقى
كۈچلۈك بىر قەۋەت يىرىك، قۇم -
شېغىللىق تىندۇرما قەۋەت ھاسىل
قىلغان، لاي - لاتقىلىق ئۇششاق
جىنسلار سۇ بىلەن تۆۋەنگە ئېقىپ
كېلىپ ئويمانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا
سېغىز توپىلىق تىندۇرما قەۋەت ھا-
سىل قىلغان. 'گېئولوگىيىلىك
ئۆزگىرىشلەر تۈپەيلىدىن دەريالار
ئۆز ئېقىنلىرىنى ئۆزگەرتىپ بىر
مەزگىل ئوڭغا يۆتكىلىپ ئاقسا،
بىر مەزگىل سولغا يۆتكىلىپ ئې-
قىپ، ئۆز ۋادىسىنى داۋاملىق كې-
ڭەيتىپ تۇرغاچقا، تىندۇرما قەۋەت
دائىرىسى ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ
بارغان، شۇڭا تاغدىن سۇ باشلايدى-
غان سىپمونت ئۆستەڭلەر ياسىلىش-
تىن ئىلگىرى، تېرەك ئېقىنىدىن
باشقا ئېقىنلارنىڭ سۈيى تاغدىن چى-
قىپلا يەرگە سىڭىپ تۈگەيتتى. پە-
قەت پەۋقۇلئاددە چوڭ كەلكۈن بول-
غان چاغلاردىلا تۆۋەنگە ئاز - تولا
ئېقىپ كېلەتتى، لېكىن ۋاقتى بىر
ھەپتىدىن ئاشمايتتى.

2. ئىدىقۇت تېغى سۇ سىستې-
مىسى، تەڭرىتاغ سۇ سىستېمىلى-
رىنىڭ يەر ئاستىغا سىڭگەن سۇلى-
رىدىن ھاسىل بولغان ئېقىنلار بو-
لۇپ، بۇلار: چوڭ تاغ، يامغۇر-
لۇق، كىچىك باغ يارغۇل ئېغىزى،
بۇيلۇق، قۇرۇتقا، تاللىق بۇلاق،
مۇرتۇق، تۇيۇق ئېغىزى، ھوڭ،
لەمجىن، سىڭگىم ئېغىزى قاتارلىق
10 ئېقىن بولۇپ، يىللىق نورمال
ئېقىن مىقدارى 147 مىليون كۇپ
مېتىر. بۇ ئېقىنلار ئويمانلىقنىڭ
ئوتتۇرىسىدىكى بوستانلىقلارغا جاي-
لاشقانلىقى ئۈچۈن، تۇرپان خەلقى
ئەڭ قەدىمكى ۋاقىتلاردا مۇشۇ سۇلا-
رنى ياقىلاپ ماكانلىشىپ تېرىقچى-
لىق قىلىپ كەلگەن. كېيىنچە نو-
پۇس ئۈزلۈكسىز كۆپەيگەچكە بۇ
سۇلار ئېھتىياجنى قامدىيالمىغاچقا،
يېڭى سۇ مەنبەسىنى ئېچىشقا مەج-
بۇر بولغان. تەڭرىتاغ ئېقىنى پە-
سىل خاراكتېرلىك، ئۆزگىرىشچان
بولۇپ، سۇ مىقدارى تۇراقسىز، بە-

زىدە 5 ـــ 6 كۇپ مېتىر سېكونتتا چۈشۈپ قالىدۇ. كەلكۈن پەسىللىرىدە بىرنەچچە يۈز كۇپ مېتىر سېكونت، سۇ بىراقلا نۇرغۇن قۇم لاتقىلارنى سۆرەپ كېلىپ سۇ ئالىدىغان ئېغىزلارنى بۇزۇپ، ئۆستەڭلەرنى تۇزلەپ تاشلايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن بۇ سۇلار تاغدىن چىققاندىن كېيىن سۇ سىڭىشچانلىقى يۇقىرى بولغان قىلىن قۇم ـ شېغىل قاتلاملىق جايلاردىن ئۆتىدىغان بولغاچقا، پەن ـ تېخنىكا تەرەققىي قىلمىغان، چارۋىچىلىق ئاساس قىلىنغان ئەينى زاماندا بۇ سۇلارنى ئويمانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا باشلاپ كېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ سۇلار قىشتا تاغدىن چىقمايلا توڭلاپ كەتكەچكە تۆۋەنگە ئېقىپ كىرەلمەيتتى. تارىختا ھەرقايسى خانلىقلار بۇ ھەقتە تىرىشچانلىقلار كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان، تارىختىكى ئاشۇ ئۆستەڭلەرنىڭ خارابىسى ھېلىمۇ بار. بۇ غايە پەقەتلا ئازادلىقتىن كېيىنلا ئەمەلگە ئاشتى. ئەينى ۋاقىتتا كارىز چېپىپ يەر ئاستى سۈيىدىن پايدىلىنىش يۈگەنسىز تاغ سۈيىنى تىزگىنلەپ باشلاپ كېلىشتىن ئاسان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كارىز سۈيىنىڭ مۇقىملىقى، قىش ـ ياز توختىماي ئېقىپ تۇرىدىغانلىقى، پايدىلىنىش ئۈنۈمىنىڭ يۇقىرىلىقى، ئۆزلۈكىدىن ئېقىپ، يەر يۈزىگە چىقىدىغانلىقى، قۇرۇلمىسىنىڭ ئاددىيلىقى، ئادەتتىكى قوراللار بىلەن قازغىلى بولىدىغانلىقى قاتارلىق ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە ئىدى.

قەدىمدىن بىزنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن رىۋايەتلەردىن قارىغاندا، قەدىمدە تۇرپاندا ياشاپ كەلگەن ئەجدادلىرىمىز سۇ قوغلىشىپ ماكانلىشىش ئادىتى بويىچە ئېقىنلار ۋە بۇلاقلار ئەتراپىدا ماكانلىشىپ، كېيىنچە بۇلاق سۈيىنى كۆپەيتىش مەقسىتىدە بۇلاق كۆزىنى سۇ كەلگەن تەرەپكە (يۇقىرى تەرەپكە) قاراپ چېپىش جەريانىدا ئاۋۋال تىلما، ئاندىن تەشمە ئاخىرىدا قۇدۇق پەيدا بولغان، شۇنىڭ بىلەن بىر قۇدۇقلۇق ئىپتىدائىي كارىز ئىجاد بولغان. ئەسىرلەر يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بىر قۇدۇقلۇق كارىزلار كۆپ قۇدۇقلۇق كارىزلارغا قاراپ تەرەققىي قىلغان. ۋەھالەنكى، بۇ خىل ئىپتىدائىي كارىزلار تاكى ھازىرغىچە قوللىنىلماقتا. مەسىلەن، 1988 ـ يىلى ئىدىقۇت باغرىدىكى تاللىق بۇلاقتا بۇلاق سۈيىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن بۇلاقنىڭ باش تەرىپىگە يېڭىدىن تەشمە تېشىپ قۇدۇق چېپىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. مۇرتۇق يېزىسىدىكى ئىدىقۇت ياذ-باغرىدا ئىمىران ئىسىملىك بىر پىشقەدەم دېھقان بولۇپ، ئاتا ـ بوۋىسىدىن تارتىپ پايدىلىنىپ كېلىۋاتقان 10 نەچچە مو يەر سۇغىرىدىغان بىر بۇلىقى بولۇپ، بۇ بۇلاق «داجەيدىن ئۆگىنىش» يىللىرىدا

ئېتىبار بېرىلمەي قۇرۇپ كەتكەنىدى. 1988 - 1989 - يىللىرى بۇ بوۋاي ئۆزى ۋە بالىلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرگەندىن تاشقىرى يەنە 2000 يۈەن پۇل خىراجەت قىلىپ بۇلاق سۈيىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن تاغنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ تەشمە تېشىپ ئۈستىدىن ئىككى قۇدۇقلۇق بىر كارىز ھاسىل قىلغان، ھازىر بۇ سۇ بىلەن 30 - 40 مو يەرنى ۋە 300 تۈپ تەكنى سۇغارماقتا. دېمەك دەسلەپتە ئىپتىدائىي كارىز يەنى بىر قۇدۇقلۇق كارىز پەيدا بولۇپ، كېيىن تەدرىجىي باش تەرەپكە ئۇزارتىلىپ چوڭ كارىزلارغا ئايلانغان. ھازىرقى ئون نەچچە كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى كارىزلارمۇ دەسلىپىدە ئۇنداق ئۇزۇن ئەمەس ئىدى. يىلسايىن باش تەرىپىگە ئۇزارتىلىپ چېپىش ئارقىلىق تەدرىجىي مۇشۇ دەرىجىگە يەتكەن. بۇ خىل ئۇزارتىش ئۇسۇلى ھېلىمۇ داۋاملاشماقتا. ستاتىستىكا ماتېرىيالىدىن قارىغاندا تۇرپان شەھىرى تەۋەسىدىكى كارىزلارنىڭ يېقىنقى يىللاردا باش تەرىپىگە ئۇزارتىلغان قىسمى 36 مىڭ 465 كىلومېتىر بولۇپ، ئوتتۇرىچە ھەربىر كارىز 80 مېتىردىن ئۇزارتىلغان بولىدۇ. دېمەك، تۇرپان كارىزلىرى يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە (تاكامۇللىشىشقا) قاراپ تەرەققىي قىلىپ بۈگۈنكى باسقۇچقا يەتكەن.

## II تۇرپان كارىزلىرى قاچان پەيدا بولغان؟

تۇرپان كارىزلىرىنىڭ قاچان پەيدا بولغانلىقى توغرىسىدىكى يازما ماتېرىياللار ھازىرغىچە تېپىلغىنى يوق، شۇڭا كارىزنىڭ تارىخى توغرىسىدىكى ھەرخىل تەسەۋۋۇرلار مەيدانغا كەلدى. يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش نەتىجىلىرى، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردە ئېلان قىلىنغان مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار ۋە تۇرپان خەلقى ئىچىدە ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان رىۋايەتلەر بىزنى بۇ ھەقتە قىممەتلىك دەلىل ئىسپاتلار بىلەن تەمىنلىدى. بۇ رىۋايەتلەرگە ئاساسەن تۇرپان كارىزلىرىنى پەيدا بولغان ۋاقتىغا قاراپ «ئىپتىدائىي كارىزلار»، «ئوتتۇرا ئەسىر كارىزلىرى» دەپ ئىككىگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئۆتكەن تارىخشۇناس ۋاڭ گوۋى ئۆزىنىڭ «غەربىي رايوندىكى كارىزلارنى تەكشۈرۈش» دېگەن كىتابىدا «شىنجاڭدىكى كارىزلار بۇنىڭدىن 2000 يىل بۇرۇنقى خەن دەۋرىدىلا بار ئىدى» دەپ يازغان ( «تۇرپاننىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيىتى» 252 - بەتكە قاراڭسۇن) بۇنىڭدىن تۇرپان كارىزلىرى 2000 يىل بۇرۇنقى زامانلاردىلا بار ئىكەن-

www.uyghurkitap.com



لىكى مەلۇم بولىدۇ، لېكىن بۇ كارىزنىڭ پەيدا بولغان ۋاقتى بولۇشى ناتايىن.

مىلادى IX ئەسىردە قۇرۇلغان ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدە سۇ ئىنشىلىرىغا جۈملىدىن كارىزغا ئەھمىيەت بەرگەن. «تۇرپان ئويمانلىقىدا شۇ جاينىڭ كىلىماتى ۋە جۇغراپىيىلىك شارائىتىگە باب كېلىدىغان سۇ ئىنشائاتلىرى خېلى بۇرۇنلا بارلىققا كەلگەنىدى. ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدە بۇخىل سۇ ئىنشائاتلىرىنىڭ ئۈنۈمى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇلدى ۋە كېڭەيتىلدى. كارىز سۇ ئىنشائاتلىرى ئىچىدىكى ئەڭ داڭلىق قۇرۇلۇشلارنىڭ بىرىدۇر.» («ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» 130 ـ بەت.)

تۇرپان كارىزلىرى ئىپتىدائىي كارىزلاردىن تەرەققىي قىلىپ بىر نەچچە يۈز قۇدۇقلۇق كارىزلارغا ئايلانغىچە نۇرغۇن ئەسىرلەر ئۆتكەن. يۇقىرىدا تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ سۇ مەنبەسى تەڭرىتاغ سۇ سىستېمىسى بولۇپ، بۇ سۇلار تاغدىن چىقىپلا يەر ئاستىغا سىڭىپ تۈگەيدىغانلىلىقىنى، ئادەتتە تۆۋەنگە ئېقىپ كەلمەيدىغانلىقىنى، قىش كۈنلىرى قاتمۇقات تاغلار ئىچىدە توڭلاپ تۆۋەنگە بىر تامچىمۇ ئېقىپ كەلمەيدىغانلىقىنى، تەڭرىتاغ سۇ سىستېمىسىنىڭ يەر ئاستىغا سىڭگەن سۇلىرى ئىدىقۇت تېغى سۇ سىستېمىسىنى ھاسىل قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. ئەينى ۋاقىتتا تۇرپان خەلقىنىڭ دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدىغان بىر قىسمى ئىدىقۇت سۇ سىستېمىسى ئەتراپىدا ياشايتتى. چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان بىر قىسمى بۇلاقلارنى قوغلىشىپ ماكانلاشقانىدى. بۇ يەرلەرنىڭ ئوت ـ چۆپى چارۋىلارنىڭ قىش ـ ياز ئوتلىشىغا يەتمەيتتى. شۇڭا چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغانلار يازدا تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدا ياشاپ، قىشتا تۇرپان ئويمانلىقىغا قايتىپ كېلەتتى. بۇلار ئۈچۈن قىشلىق ئوت ـ چۆپ ۋە يەم ـ خەشەك كېرەك ئىدى. قىش ـ ياز بىرخىل ئېقىپ تۇرىدىغان بۇ ئىپتىدائىي كارىزلار چارۋىچىلارنىڭ قىشلىق ئوت ـ چۆپ، يەم ـ خەشەك مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا ئاساس يارىتىپ بەرگەن. ئەسىرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ كارىزلار سان جەھەتتىن كۆپىيىپ، سۈپەت جەھەتتىن تاكامۇللىشىشقا قاراپ ماڭغان. بۇرۇنقى 1 — 4 قۇدۇقلۇق كارىزلار تەرەققىي قىلىپ 20 — 80 قۇدۇقلۇق كارىزلارغا ئايلانغان، لېكىن ئەينى زاماندا تۇرپاندا نوپۇس شالاڭ ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈرلۈك يۇقۇملۇق كېسەللەر ۋە ئۇرۇش ئاپەتلىرى تۈپەيلىدىن ئۆلۈم ـ يېتىم كۆپىيىپ نوپۇسنىڭ ئېشىشى ئاستا بولغان. شۇڭلاشقا كارىزلارنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتىمۇ ئاستا بولغان. ئىدىقۇت

ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىگە كەلگەندە يېزا ئىگىلىكىنى بولۇپمۇ سۇ ئىشلىرىنى جۇملىدىن كارىزلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش كۈن تەرتىپىگە كىرگۈزۈلگەن. ئىگىلىكتە چوڭ يۈكسىلىش بولغان، جۇملىدىن يېزا ئىگىلىكىنىڭ جان تومۇرى بولغان سۇ ئىشلىرىدا بولۇپمۇ كارىز قۇرۇلۇشىدا زور ئىلگىرىلەش بولغان دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. بولۇپمۇ XIV — XVII ئەسىرلەردە تۇرپان كارىزلىرى زور دەرىجىدە كۆپىيىپ، سۇلىرى مۇكەممەل سۇغىرىش سىستېمىلىرىغا ئايلانغان. كارىز ۋە قۇدۇقلار تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ ھەممە يېرىگە تارقالغان قاتار ـ قاتار ۋە ئۆزئارا پارلېل جايلاشقان مۇنتىزىم كارىزلار ئەنە شۇ دەۋردە بەرپا قىلىنغان. يانقىردىكى تۇيغۇننىڭ كارىزى 1576 ـ يىلى، زىرىپىنىڭ كارىزى 1626 ـ يىلى، قازاقىنىڭ كارىزى ③ 1578 ـ يىلى، نامراتنىڭ كارىزى 1628 ـ يىلى، لەمجىندىكى ساپتاگور (ساھىب تەكبىر) نىڭ كارىزى 1688 ـ يىلى، قۇرۇتقا كارىزى 1830 ـ يىلى، دىناي كارىزى ھىجرىيە 1202 ـ يىلى قېزىلغان. بىرقانچە ئەۋلاددىن بۇياق لۈكچۈندە ياشاپ لۈكچۈن تارىخىنى ئۆگىنىپ كېلىۋاتقان پىشقەدەم ئوقۇتقۇچى ئىسمائىل ھادىنىڭ ئېيتىشچە، XVI ئەسىرنىڭ ئاخىرى XVII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يەكەن خانلىقى دەۋرىدە لۈكچۈندە ئۆتكەن كىپىش بەگ ④ سۇ قۇرۇلۇشىغا كۆپ كۈچ چىقارغان. ھازىرقى سىپان سۇ ئېلىگىرى بوزيەر ئىدى. كىپىش بەگ دەۋرىدە بۇ يەر بوز يەر ئېچىپ ئاۋات يۇرتقا ئايلاندۇرۇلغان. جۇملىدىن مۇشۇ دەۋردە كارىز قۇرۇلۇشىغىمۇ ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلگەن. بۇ مەزگىل تۇرپان رايونىنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىمۇ ناھايىتى روشەن بولدى، ھەممىدىن بۇرۇن تۇرپاندا ئاساسلىق سۇغىرىش تورى بولغان كارىزلار X VI ئەسىردىن كېيىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى («ئۇيغۇر تارىخى» 769 ـ، 771 ـ بەتلەر).

## Ⅲ تۇرپان كارىزلىرىنى تۇرپان خەلقى ئۆزلىرى ياراتقان

كارىز — يېرى كەڭ، يەر ئۈستى سۈيى كەم، ھاۋاسى قۇرغاق، ھۆل يېغىن ئاز، يەر ئاستى سۈيى مول ۋە سۈپىتى ياخشى جايلاردا قوللىنىلىدىغان بىرخىل سۇ قۇرۇلۇشى بولۇپ، ئۇ نۇرغۇن دۆلەتلەرگە تارقالغان بولسىمۇ لېكىن تاكى بۈگۈنگىچە كارىزنى قايسى ئەل تۇنجى بولۇپ كەشىپ قىلغانلىقى توغرىسىدا بىرلىككە كەلگەن كۆز قاراش يوق.

بەزىلەر تۇرپان كارىزلىرىنى تۇرپان خەلقى ئۆزلىرى ئىجاد قىلغان دېسە، بەزىلەر كارىز تېخنىكىسى تۇرپانغا ئىراندىن كىرگەن دەي-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دۇ، بەزىلەر كارىز قېزىش تېخنىكىسىنى ئىچكى ئۆلكىلەردىن ئۆگەنگەن دەيدۇ، ھەتتا بەزىلەر لىن زېشۇ ئۆگەتكەن دەيدۇ. تۆۋەندە بۇ قاراشلارنى بىر - بىرلەپ تەھلىل قىلىپ كۆرەيلى.

**1. تۇرپان كارىزلىرىنى تۇرپان خەلقى ئۆزلىرى ياراتقان**

تۇرپان كارىزلىرىنى تۇرپاننىڭ پەۋقۇلئاددە جۇغراپىيىلىك ئەھۋالىغا ئاساسەن تۇرپان خەلقى ئۆزلىرى پەيدىنپەي ئىجاد قىلىپ، ئەسىرلەر داۋامىدا راۋاجلاندۇرۇپ، مۇكەممەل سۇغىرىش تورىغا ئايلاندۇرغان. ھۆكۈمەت تەرەپ ئېلان قىلغان تارىخىي كىتابلاردا بۇ نۇقتا مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن.

«تۇرپان كارىزلىرىنى بەزىلەر ئىچكى ئۆلكىلەردىن كەلگەن دەيدۇ، بەزىلەر ئىراندىن تارقىلىپ كەلگەن دەيدۇ. بۇ گەپلەرنىڭ ئانچە ئاساسى يوق. بۇ ھەقتىكى ئىزاھات مۇنداق بولسا ئەقىلگە مۇۋاپىق: كارىزنى مۇشۇ يەردە ياشىغۇچى ئەمگەكچى خەلق ئۆز يېرىنىڭ ئالاھىدە ئېھتىياجىغا ئاساسەن پەيدىنپەي ئىجاد قىلغان، لېكىن بۇنىڭدا ئۇلار باشقا جايلارنىڭ ۋە چەت ئەللەرنىڭ پايدىلىق تەجرىبىلىرىنىمۇ قوبۇل قىلغان بولۇشى مۇمكىن» («شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» ئۇيغۇرچە 1 - كىتاب، 6 - بەت).

«شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ سۇ مەنبەسىدىن پايدىلىنىش ئۇسۇلى ئىككى خىل، بىرىنچى، ئېرىق - ئۆستەڭ قېزىپ تاغلاردىكى ئېرىگەن قار - مۇز سۇلىرىدىن پايدىلىنىش؛ ئىككىنچى، كارىز چېپىپ يەر ئاستى سۈيىدىن پايدىلىنىش. كارىز شىنجاڭدىلا ئۇچرايدىغان سۇغىرىش ئىنشائاتى. كارىزنىڭ سۇ مەنبەسى قارلىق تاغلاردىن ئېرىگەن قار - مۇز سۇلىرى، تاغ ئېتەكلىرى ئارقىلىق شىمىل قەۋەتكە سىڭىشىدىن ھاسىل بولغان يەر ئاستى دەرياسى ۋە يەر ئاستى يوشۇرۇن ئېقىنلىرىدۇر.» («ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» 319 - ، 320 - بەت، خەنزۇچە 1989 - يىل 1 - ئاي نەشرى).

بۇ خۇلاسە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئاساسىدا چىقىرىلغان توغرا خۇلاسە، ئۇنىڭدىن باشقا تۇرپان خەلق رىۋايەتلىرىدە بايان قىلىنغان كارىزنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى مەزمۇن يەنى بۇلاق سۈيىنى كۆپەيتىش مەقسىتىدە سۇنىڭ باش تەرىپىگە قاراپ ئېرىق قېزىش نەتىجىسىدە ئاۋۋال تىلما، ئاندىن تەشمە، ئاخىرىدا قۇدۇق پەيدا بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىر قۇدۇقلۇق ئىپتىدائىي كارىز پەيدا بولغان، ئەسىرلەر داۋامىدا تەرەققىي قىلىپ ھازىرقى ھالەتكە كەلگەن دېگەن مەزمۇن جەمئىيەت تەرەققىيات قانۇنىغا ئۇيغۇن.

نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان شىنجاڭدىن ئىبارەت يېرى پايانسىز،

هاۋاسى قۇرغاق، سۇيى كەمچىل بۇ زېمىندا بولۇپمۇ «ئوت يۇرتى» دەپ نام ئالغان تۇرپان ئويمانلىقىدا ياشاپ كەلگەن ئەجدادلىرىمىز بۇ يۇرتنى گۈللەندۇرۇشتە سۇنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن. سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۇچۇن چىقىش يولى ئىزدىگەن، بۇ ھەقتە غايەت زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن ۋە سۇنى ئۇلۇغلاشنى بىرخىل ئەنئەنىۋى ئادەتكە ئايلاندۇرغان. ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملىشىپ يېتىپ كەلگەن سۇ ۋە كارىزلارغا بېغىشلانغان ماقالىلەر، رىۋايەتلەر، ناخشا - قوشاقلار بۇنىڭ يارقىن دەلىلى، خەلق ئىچىدە «سۇسىز كىياھ ئۇنمەس»، «سۇ بىلەن يەر كۆكىرەر، ئەمگەك بىلەن ئەر»، «سۇ تەڭرىنىڭ جامالىنى كۆرگەن ئۇلۇغ نەرسە» ھەممە نەرسە سۇدا پاك بولىدۇ»، «سۇنى بۇلغىسا، گۇناھ بولىدۇ»، «كارىز ھاياتلىق بۇلىقى» قاتارلىق نۇرغۇنلىغان خاسىيەتلىك ماقالىلەر بار. شۇڭا خەلقىمىز سۇغا پاسكىنا نەرسىلەرنى تۆكمەسلىكنى، جامائەت ئىچىدىغان ئېقىن سۇنىڭ بېشىدا كىر يۇماسلىقنى ۋە سۇغا سىيمەسلىكنى، سۇغا چۈشمەسلىكنى بىرخىل ئەنئەنىۋى ئادەتكە ئايلاندۇرغان ۋە تارىختىن بۇيان داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن، ھەتتا ئۇنى تاكى يېڭى تىلى چىققان بالىلارغىچە سىڭدۇرگەن. شۇڭلاشقا ئىلگىرى غۇلجا، قەشقەر، ئاقسۇ، خوتەن، تۇرپان قاتارلىق ئۇيغۇرلار مەركەزلىشىپ ئولتۇراقلاشقان يۇرتلاردا ياشىغان خەلقلەر ئۆستەڭ سۇلىرىنى بىۋاسىتە ئىستېمال قىلاتتى، ھەتتا سوغۇق ئۆستەڭ سۇيىنى دۇم يېتىپ ئىچەتتى.

خەلق ئىچىدە يەنە پەرھاتنىڭ تاغ يېرىپ مۇزات دەرياسىنىڭ سۇيىنى كۇچاغا ئېلىپ كەلگەنلىكى، يالغۇز ئوغۇلنىڭ ئۆستەڭ چېپىپ قارا يۇزى [5] ئېقىنىنىڭ سۇيىنى لۇكچۇنگە ئېلىپ بارغانلىقى (بۇ ئۆستەڭنىڭ ئىزلىرى ھازىرمۇ بار) توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر بار. ئۇنىڭدىن باشقا تۇرپان خەلقىنىڭ كارىز چېپىشتا تارتقان جاپالىق كەچۈرمىشلىرىنى ئىپادىلەيدىغان نۇرغۇن ناخشا - قوشاقلار بار. مەسىلەن،

قاتار -قاتار كۆرۈنگەنلەر،
كارىز دەرىخى.
بىزنىڭ يارنى كۆرسەتمىگەن،
يولنىڭ يىراقى.
يىراق بولۇپ، يېقىن بولۇپ،
داۋانى يوقتۇر.
مەن يارىمنى كۆرۈۋالسام،
ئارمانىم يوقتۇر.
كارىزدىكى تەشمىلەردە،
ئابۇزەمزەم ئاقىدۇ.
ئىچىپ باقسام خويمۇ تاتلىق،
يۇرەككە بەك ياقىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



ئاتام سورىسا، ئانام سورى-
سا،
كارىزدا دەڭلار.
قولى ئىشتا، كۆزى ياشتا،
يۈرىدۇ دەڭلار.
ئۈچ يۈز ئاتمىش قۇدۇق سۇ-
يى،
بىر بولۇپ ئاقتى.
مەن بالىلىرىمنى كۆرەي دې-
سەم،
كارىزنىڭ ۋاقتى.

ئەجدادلىرىمىز سۇنى ئۇلۇغلايدىغان يۇقىرىقىدەك ماقال - تەمسىل، رىۋايەت ۋە ناخشا - قوشاقلار ئىجاد قىلغاندىن سىرت، مىڭدىن ئارتۇق يۇرت نامىنى سۇ نامى بىلەن ئاتىغان. مەسىلەن، ئاقسۇ، قىزىلسۇ، قارىسۇ، يامانسۇ، بۇلاقسۇ، يەتتە سۇ، ئايغىر بۇلاق دېگەنلەرگە ئوخشاش. دېمەك، يۇقىرىقىدەك تەبىئىي شارائىت ۋە شۇ شارائىت كەلتۈرۈپ چىقارغان سۇنى ئۇلۇغلاش ئىجتىمائىي ئادىتى تۇرپاندا كارىزنىڭ بىنا بولۇشىدىكى مۇھىم ئامىللاردۇر.

2. بەزىلەر كارىز تېخنىكىسى تۇرپانغا ئىراندىن كىرگەن دېيىشىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە تۇرپان يىپەك يولىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن يولۇچىلار ئارقىلىق كىرگەن بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى ئۇيغۇرچە كارىز بىلەن ئىران تىلىدىكى كانات kanat دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭى ئوخشاش. بۇ كارىزنىڭ ئىراندىن كىرگەنلىكىنىڭ دەلىلى دېيىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئىرانلىقلار كارىزنى «مادرچاھ» ( madar chah ) دەيدۇ. بۇخىل كۆز قاراش كىشىنى قايىل قىلالمايدۇ. چۈنكى (1) شىنجاڭنىڭ يىپەك يولى لىنىيىسىگە جايلاشقانلىقى كارىزنىڭ ئىراندىن كىرگەنلىكىگە دەلىل بولالمايدۇ. (2) كارىز سۆزى ئۇيغۇر ئانا تىلىنىڭ لۇغەت تەركىبىدىكى مۇستەقىل خاس ئىسىم بولۇپ، ئاھاڭ جەھەتتىن «كانات» تىن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. (3) ئۇيغۇر تىلى ئەۋرىشىم يېپىشقاق تىل بولۇپ، ھەرقانداق مىللەتنىڭ تىلىنى ئەينەن تەلەپپۇز قىلالايدۇ. شۇڭا ئۇيغۇرلار چەتتىن كىرگەن ھەرقانداق ئاتالغۇنى ئەينەن قوبۇل قىلىشنى بىرخىل ئەنئەنىۋى ئادەتكە ئايلاندۇرغان. ئەگەر كارىز ئىراندىن كىرگەن بولسا، ئۇيغۇرلار ئۇنى «مادرچاھ» دەپ قوبۇل قىلغان بولاتتى. (4) كارىز ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتقان سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى سۇ ئىشلىرى مۇتەخەسسىسى «H. B كونتىن» ئېلان قىلغان ئىلمىي ماقالىدا: «شىنجاڭ كارىزلىرى قۇرۇلمىسى ۋە پايدىلىنىش تېخنىكىسى جەھەتلەردە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىرانلاردىن ئۆزگىچە خۇسۇسىيەتكە ئىگە» دەپ كۆرسەتكەن. دېمەك بۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى، كارىز شىنجاڭغا ئىراندىن كىرگەن ئەمەس («تۇرپاننىڭ

قەدىمكى مەدەنىيىتى» خەنزۇچە 89 ـ يىل 1 ـ نەشرى 255 ـ بەت).

3. بەزىلەر كارىز شىنجاڭغا شەنشى ئۆلكىسىدىن تارقالغان دېيىشىدۇ. بۇخىل قاراشتىكىلەر چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى ئۆتكەن ۋاڭ گوۋېي ۋە گوباۋ ئەپەندىلەر. ۋاڭ گوۋېي: «غەربىي ئەل قۇدۇق، ئۆستەڭلەر تەتقىقاتى» ماۋزۇلۇق ماقالىسىدە: «تارىخىي خاتىرىلەر دەريا ئۆستەڭلەر تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، خەن ۋۇدى 10 مىڭدىن ئارتۇق هاشار سېلىپ ئېرىق چېپىپ جىڭ دېگەن يەردىن لۇشۇي دەرياسىنىڭ سۈيىنى شاڭيەنشەن تېغىنىڭ تۆۋىگە ئېلىپ بارغانىدى. كېيىن ئۆستەڭنىڭ قېشى ئۆرۈلۈپ توختىمىغاندىن كېيىن، تىك قۇدۇقلارنى قېزىپ ئۇلارنى تەشمە ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇپ شۇ ئارقىلىق سۇ باشلىغان، بۇ قۇدۇق ئۆستەڭ ـــ «لۇڭشۇي ئۆستىڭى» دەپ ئاتالغان. بۇنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە چېپىلىش تەرتىپى كارىز بىلەن ئوخشاش. بۇ كېيىن دۇنخۇاڭغا ۋە لوپنۇر كۆلى يېنىدىكى بەيلوڭ تۆپىلىكىگە تارقالغان دەيدۇ. ئۇ يەنە «خەن سۇلالىسى چياڭلارنى يوقىتىش سانغۇنى شىن ۋۇشيەننى 500 ئەسكەر بىلەن دۇنخۇاڭغا بۇيرۇدى. يوللارغا بەلگە قويۇش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتىلدى. بىتخو قۇدۇقنىڭ غەربىگە ئۆستەڭلەرنى قېزىپ، ئاشلىق جۇغلاپ يۈرۈشكە هازىرلىق كۆرۈلدى، دېيىلگەن. بۇ ماتېرىيالدىن قارىغاندا بىتخو قۇدۇقى ماهىيەتتە كارىزغا ئوخشايدۇ. بۇ كارىزنىڭ شىنجاڭغا ئىچكى ئۆلكىدىن كىرگەنلىكىنىڭ دەلىلى» دەيدۇ.

بەزىلەر يەنە «تارىخىي خاتىرىلەر» دە خاتىرىلىنىشىچە: غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاهى سەمەرقەنتكە لەشكەر تارتقان. بۇ چاغدا يەرلىك خەلقلەر تېخى قۇدۇق قېزىشنى بىلمەيتتى. پەقەت 1262 ـ يىلى يۈەن سۇلالىسى ئەلچىسى لويۇ يازغان «غەربكە ئەلچىلىك خاتىرىسى» دىلا قۇدۇق ـ ئېرىق توغرىسىدا مەلۇمات بېرىلگەن.

دېمەك، جۇڭگونىڭ ئىچكى جايلىرىدا بۇرۇنلا قۇدۇق ـ ئېرىق بار ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيادا بولسا، قۇدۇق ناهايىتى كېيىن پەيدا بولغان، دەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا كارىز چېپىشتا ئىشلىتىلىدىغان لولو، جازا، جوتو، كەنكەن قاتارلىق قوراللارنى ئۇيغۇر كارىزچىلار خەنزۇچە ئاتايدۇ، دېمەك، بۇ كارىزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەردىن كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ، دەيدۇ. («تۇرپاننىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيىتى» خەنزۇچە 252 ـ، 253 ـ بەتلەر) ۋە «كارىز» (خەنزۇچە 52 ـ، 53 ـ بەتلەرگە قارالسۇن).

تۆۋەندە بۇ كۆز قاراشلارنى تەهلىل قىلىپ كۆرەيلى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



(1) شەنشەندىكى خەن دەۋرىگە
ئائىت قۇدۇق، ئېرىق، دەريا سۈيى-
نى باشلايدىغان قۇرۇلۇشى بولۇپ،
ماھىيەت جەھەتتىن يەنىلا ئۆستەڭ.
شۇڭلاشقا شۇ زاماندا ئۇنىڭغا «لۇڭ-
شۇي ئۆستىڭى» دەپ نام بېرىل-
گەن. بۇنىڭ كارىز بىلەن قىلچە
ئوخشاشلىقى يوق. ۋەھالەنكى، يەر
ئۈستى سۈيىنى باشلايدىغان، بۇ
خىل قۇرۇلۇشلار ئىپتىدائىي جەمە-
ئىيەتتىلا بار ئىدى.

(2) بۇ قۇدۇق ئۆستەڭ خەن
سۇلالىسى يىللىرىدا پەيدا بولۇپ،
خەن سۇلالىسىدىن كېيىن بۇ خىل
ئۆستەڭ چېپىلمىغان، ئىچكى ئۆل-
كىلەرنىڭ باشقا جايلىرىغىمۇ تارقال-
مىغان، دېمەك ئۆز جايىدا جەلپ
قىلىش كۈچى بولمىغان بۇ خىل قۇ-
رۇلۇشنىڭ قاتناش تەرەققىي قىلمى-
غان، يوللار خەتەرلىك بولغان شۇ
زاماندا بىر قانچە مىڭ كىلومېتىر
يىراقلىقتىكى شىنجاڭغا تارقىلىپ
كېلىش مۇمكىنمۇ. تارىخىي كىتاب-
لاردا يېزىلىشىچە، خەن سۇلالىسى-
نىڭ ئەلچىسى جاڭ چيەننىڭ غەر-
بىي رايونغا كېلىپ - كېتىش ئۈ-
چۈن ئون نەچچە يىل رىيازەت چې-
كىپ، نۇرغۇن خەتەرلەرگە يولۇق-
قان، دېمەك ئۇ زامانلاردا يول خە-
تەرلىك، قاتناش ئىنتايىن قىيىن
ئىدى.

(3) «خەننامە، غەربىي ئەل
تەزكىرىسى» دە بايان قىلىنىشىچە،
شىن ۋۇشيەن بىتخو قۇدۇقىنىڭ
غەربىگە قازدۇرغىنى كارىز ئەمەس
بەلكى ئۆستەڭ، «خەننامە غەربىي
ئەل تەزكىرىسى» دە «بىتخو قۇدۇ-
قى ھەم ئۆستەڭدۇر»، «بىتخو قۇ-
دۇقى، ئەسلى بەيلوڭ تۆپىلىكىنىڭ
شەرقىدىكى توپا تاغ ئاستىدىن چىقى-
دىغان ئالتە قايىنام بۇلاقنىڭ سۈيى
قويۇلىدىغان ئۆستەڭلەردۇر» دەپ
كۆرسىتىلگەن، دېمەك بۇنىڭ كارىز
بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق.

بۇ ھەقتە جۇڭگو پەنلەر ئاكادې-
مىيىسى جۇغراپىيە ئىنستىتۇتى-
نىڭ مۇتەخەسسىسى خۇاڭ شېڭجاڭ
مۇنداق يازىدۇ:

«ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈ-
رۈشتە تېپىلغان ئىچكى ئۆلكىدىكى
خەن سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت قۇ-
دۇق - ئۆستەڭ، سىرتقى كۆرۈنۈ-
شىدىن شىنجاڭدىكى كارىزغا ئوخ-
شاشتەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ماھى-
يەتتە بۇ ئىككىسى بىر - بىرىگە
قىلچە ئوخشىمايدۇ، قېزىش مەقسى-
تى ۋە ئىشلىتىش ئورنى پۈتۈنلەي
ئوخشىمايدۇ. قۇدۇق - ئۆستەڭنى
قېزىشتىن مەقسەت، ئۆستەڭدىن
قېزىلغان توپىنى سىرتقا چىقىرىشنى
ئاسانلىتىش، كارىز بولسا، يەر
ئاستى سۈيىتى يەر ئۈستىگە چىقى-
رىش ئۈچۈن قېزىلىدۇ. خۇاڭ ئە-
پەندىنىڭ ئېيتىشىچە، خەن دەۋرى-
دىكى قۇدۇق - ئۆستەڭ لۇڭشۇي
ئۆستىڭىدىن باشلىنىدۇ، ئۇنىڭ
سۈيى بەيچۈي ئۆستىڭى (ئادەتتىكى
سۇغىرىش ئۆستىڭى) گە قويۇل-

دۇ. لېكىن خەن دەۋرىدىن كېيىن
داۋاملاشمىغان. ئۇنىڭدىن كېيىنكى
دەۋرلەردە ياسالغان چىڭچۇي ئۆستە-
ڭىدىن تاكى ھازىرقى زامانغىچە پاي-
دىلىنىپ كەلگەن. بۇ دەۋردىكى
ئۆستەڭ قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ھېچقاي-
سىسىدا قۇدۇق - ئۆستەڭ ئۇسۇلى
قوللىنىلمىغان. رايون جەھەتتىن
ئالغاندا قۇدۇق ئۆستەڭ ئىچكى ئۆل-
كىدىكى ئويمانلىقنىڭ سىرتىغا تار-
قالغان» دەيدۇ.

ۋاڭ گوۋېي «خەننامە، ھونلار
تەزكىرىسى» ھەم مىڭ كاڭنىڭ ئى-
زاھاتىغا ئاساسەن، شىن ۋۇشيەن-
نىڭ بىتخو قۇدۇقىنى تۇتاشتۇرغان-
لىقىنى كارىز دېيىشى مۇتلەق چۇ-
شەنچە خاتالىقىدىن ئىبارەت. بىرىن-
چىدىن، شىن ۋۇشيەنىنىڭ «ئەۋەت-
كەن ئادىمى يول يۇرگۇچىلەردۇر.
بەلگە قويۇپ تۇتاشتۇرۇلغىنى» قۇ-
دۇقنىڭ غەربىدىكى ئۆستەڭ لىنى-
يىسى بولۇپ، بىتخو قۇدۇقى ئە-
مەس. ئىككىنچىدىن، «خەننامە»
نىڭ تۆۋەنكى ئابزاسىدا: «ئۆستەڭ-
لەرنى تۇتاشتۇرۇش، ئاشلىق يۆت-
كەپ - جۇغلاشقا يۇرۇش قىلىش ئۇ-
چۇن، ئۆستەڭ قېزىشتىن مەق-
سەت، ئاشلىق توشۇش بولۇپ، تۇ-
تاشتۇرۇلغان ئۆستەڭ يەر ئۇستىدى-
كى ئوچۇق ئۆستەڭدىن ئىبارەت.
كارىز بىلەن ئاشلىق توشۇغىلى بول-
مايدۇ؛ ئۇچىنچىدىن، بىتخو قۇدۇ-
قى كارىز ئەمەس، بىتخو يەر ئىس-
مى، بىتخو قۇدۇقى مۇداپىئەدىكى
ھەربىيلەرنىڭ سۇ ئىچىشكە كولان-
غان بولۇپ، كارىز بىلەن قىلچە
مۇناسىۋەتسىزدۇر» دەپ يازىدۇ. (
«كارىز» خەنزۇچە 54 - بەت).

4. غەربىي خەن سۇلالىسى پا-
دىشاھى سەمەرقەنتكە ئەسكەر تارت-
قاندا سەمەر قەنتتە قۇدۇق يوق ئى-
دى. ئۇلار قۇدۇق قېزىشنى بىل-
مەيتتى. پەقەت 1262 - يىللىرىغا
كەلگەندىلا ئاندىن كارىز توغرۇلۇق
مەلۇمات بېرىلگەن. بۇنىڭدىن ئوت-
تۇرا ئاسىيا خەلقلىرى قۇدۇق قې-
زىشنى ناھايىتى كېيىن ئۆگەنگەنلى-
كىنى كۆرگىلى بولىدۇ، دېگەن
كۆز قاراشنى ئالىدىغان بولساق:
(1) ئەينى ۋاقىتتا سەمەرقەنتتە قۇ-
دۇقنىڭ يوقلۇقى، قۇدۇق قېزىشنى
بىلمىگەنلىكتىن ئەمەس، بەلكى
ئۆستەڭ سۈيى شەھەر ئىچىدىن ئۆ-
تىدىغان بولغاچقا قۇدۇق قېزىش زۆ-
رۇرىيىتى بولمىغان. بۇ ھەقتە «تا-
رىخىي خاتىرىلەر، پەرغانە خاتىرى-
سى» دە مۇنداق يېزىلغان. «پەرغا-
نىنىڭ پايتەختىدە قۇدۇق يوق بو-
لۇپ، ئۇلار پۈتۈنلەي شەھەر سىر-
تىدىن ئېقىپ كېلىدىغان سۇ بىلەن
تەمىنلىنەتتى.» («تارىخىي خاتى-
رىلەر» ئۇيغۇرچە 551 - بەت)
(2) سەمەرقەنت ئەينى زاماندا تە-
رەققىي قىلغان ھەيۋەتلىك قەلئەلەر-
نى بىنا قىلغان شەھەر ئىدى. بۇ
ھەقتە «تارىخىي خاتىرىلەر، پەرغانە
تەزكىرىسى» دە مۇنداق يېزىلغان:
(«پەرغانىلىقلار ئەۋلادتىن - ئەۋلاد

www.uyghurkitap.com



ئولتۇراقلىشىپ كەلگەنكەن، دېھقاند-
چىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ شال،
بۇغداي تېرىيدىكەن. ئۈزۈم شارابى
چىقىرىدىكەن، ئۇلاردا ئوبدان ئات
كۆپ بولۇپ، بۇ ئاتلارنىڭ ھەممىسى
تۇلپارلاردىن ئىكەن. بەدىنىدىن قان
(قىزىل تەر) تەپچىرەپ تۇرىدى-
كەن، شەھەر، قورغان، ئۆي ـ ئى-
مارەتلىرى بار، چوڭ ـ كىچىك 70
تىن ئوشۇق شەھەر قارايدىكەن»
«تارىخىي خاتىرىلەر» 490 ـ بەت).
دېمەك، مۇستەھكەم قەلئەلەرنى
قورغان بىر دۆلەت قۇدۇق قېزىشنى
ئەلۋەتتە بىلەتتى. (3) يېقىنقى
يىللاردا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئو-
لوگىيىلىك تەكشۈرۈش جەريانىدا،
مىلادىدىن ئۈچ ئەسىر بۇرۇن قۇ-
رۇلغان تۇرپان يارغول قەدىمىي شە-
ھىرىدىن قەدىمكى قۇدۇق خارابىسى
تېپىلدى. دېمەك، بۇ پاكىت ئوتتۇ-
را ئاسىيا خەلقى XIII ئەسىردىن بۇ-
رۇن قۇدۇق قېزىشنى بىلمەيتتى،
دېگەن كۆز قاراشنىڭ تارىخىي پا-
كىتقا ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى كۆرسى-
تىدۇ.

(4) ئۇيغۇر كارىزچىلار لو-
لو، جازا، جوتو، كەنكەن قاتارلىق
ئەمگەك قوراللىرىنى خەنزۇچە ئاتاي-
دۇ دېگەن مەسىلىگە كەلسەك، دەر-
ۋەقە بىر قىسىم كارىزچىلار بەزى
قوراللارنى خەنزۇچە ئاتاشقا ئادەتلەن-
گەن. بۇنىڭ ھېچقانداق ئەجەبلى-
نەرلىكى يوق. دۆلىتىمىز كۆپ
مىللەتلىك دۆلەت بولغاچقا، ئۇزاق
تارىخىي جەرياندا بىر ـ بىرىگە تە-
سىر كۆرسىتىش پۈتۈنلەي نورمال
ئەھۋال. بۇنىڭلىق بىلەن كارىز
ئىچكى ئۆلكىلەردىن كەلگەن بولۇپ
قالمايدۇ. خەنزۇ تىلىدىن ئۇيغۇر
تىلىغا سىڭگەن ئاتالغۇلار تۇرمۇش-
نىڭ مۇھىم ساھەلىرىدە ئۇچرايدۇ.
شۇنداقلا ئۇيغۇر تىلىدىن خەنزۇ تى-
لىغا ئۆزلەشكەن تىللارمۇ يوق ئە-
مەس. ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا يەنە
ئىنگلىز، رۇس، ئەرەب، پارس،
فرانسۇز تىللىرىمۇ ئاز ئەمەس.

ئەمدى «لولو» غا كەلسەك،
بۇنى ئۇيغۇرلار بۇل، غالتەك دەي-
دۇ. «بۇل» خەنزۇچە سۆز ئە-
مەس، شۇنداقلا ئۇ لولوغا ئاھاڭداش-
مۇ ئەمەس. بۇل سۆزى ھارۋىنىڭ
بۇلىدىن ئېلىنغان. خەنزۇلار ئۇنى
«لۇنگو» دەپ ئاتايدۇ. ئۇيغۇرلار تا-
رىختا 车师 «ھارۋىكەشلەر»، 高车
«ئېگىز ھارۋىلىقلار» دەپ ئاتىلات-
تى. بۇ ئۇيغۇرلار ھارۋا ئىشلىتىش
تارىخىنىڭ ناھايىتى ئۇزۇنلۇقىنى
كۆرسىتىدۇ. شۇ ئۇزۇن تارىختىن
بۇيان ئۇيغۇرلار ھارۋىنىڭ بۇلى ۋە
كارىزنىڭ بۇلى دەپ كېلىۋاتىدۇ.
دېمەك، بۇل قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى.

جوتو، جازا، كەنكەن دېگەن
سۆزلەرگە كەلسەك، ئۇنىڭ ئۇيغۇر-
چە ئاتىلىشىمۇ بار. جوتونى ـ تە-
ۋەر، جازىنى ـ تەختىپەر، كەنكەن-
نى مېتىن ـ پوچا دەپ ئاتايدۇ.

(5) كارىزنى بىلدۈرىدىغان
خەنزۇچە مەخسۇس ئاتالغۇ يوق،

شۇڭا كارىزنى كارجىڭ ( 坎儿井 )
دەپ ئۇيغۇرچىدىن قوبۇل قىلغان.
(6) دىـىئالېـكتىـكا ماتېرى-
يالىزم ـ ئېھتىياج تەرەققىياتنى
بەلگىلەيدۇ دەپ قارايدۇ. دېڭىز يا-
قىسىدىكى ئەللەردە سۇ قاتنىشى بال-
دۇر تەرەققىي قىلغان. بۇ يەرلەردە
ھەتتا 6 ـ 7 ياشلىق باللارمۇ سۇ
ئۈزۈشنى بىلىدۇ. ئەمدىكى تۇرپاد-
دەك قۇرغاق جايدا سۇ قاتنىشى بال-
دۇر تەرەققىي قىلغان دېيىلسە ئەمە-
لىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. تۇرپاد-
لىقلارنىڭ ئىچىدە ھەتتا سۇ ئۈزۈش-
نى بىلىدىغانلار ئاز. ئىچكى ئۆلكى-
لەرنى ئالىدىغان بولساق، سۇيى
مول، ھاۋاسى نەمخۇش، ھۆل ـ
يېغىن كۆپ، تارىختىن بۇيانقى دەر-
يالارنى تېزگىنلەپ سۇ ئاپىتىنى ئا-
زايتىش ئۈچۈن نۇرغۇن كۈچ سەرپ
قىلغان. شيا سۇلالىسى دەۋرىدىكى
دايۇنىڭ سۇنى تېزگىنلەش توغرى-
سىدىكى ئىش ـ ئىزلىرى خەنزۇ
خەلقى ئىچىدە رىۋايەت شەكلىدە ئەۋ-
لادتىن ـ ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كەل-
مەكتە. دېمەك تارىختىن بۇيان ئوت-
تۇرا جۇڭگودا سۇدىن مۇداپىئەلى-
نىش مۇھىم ئورۇندا تۇرۇپ كەل-
گەن. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن
كېيىنمۇ بۇ جەھەتتە ھەر يىلى نۇر-
غۇن مەبلەغ سەرپ قىلىنماقتا. دې-
مەك، سۇ كۆپ بولغاچقا كارىز قې-
زىش زۆرۈرىيىتى يوق. يەنە بىر
جەھەتتىن ئالغاندا، ئۇ چاغلاردا ئې-
لىمىز نوپۇسى ھازىرقىدەك كۆپ

ئەمەس ئىدى. خەن سۇلالىسىنىڭ
خەن پىڭدي يىللىرى جۇڭگو نوپۇسى
59 مىليون 600 مىڭ، تاڭ سۇلا-
لىسىنىڭ پادىشاھى تاڭ شيەنزۇڭ
يىللىرى يەنى مىلادى 755 ـ يىلى
53 مىليون، سۇڭ سۇلالىسىنىڭ
پادىشاھى سۇڭ شىنزۇڭ يىللىرى
يەنى مىلادى 1008 ـ يىلى 33 مىل-
يون، مىڭ سۇلالىسىنىڭ مىڭ
شىنزۇڭ يىللىرى يەنى 1578 يىلى
60 مىليون 700 مىڭ، چىڭ سۇلا-
لىسىنىڭ چيەنلۇڭ يىللىرى يەنى
1760 ـ يىللىرى 200 مىليون،
چىڭ سۇلالىسىنىڭ جياچىڭ يىللى-
رى يەنى 1812 ـ يىلى 333 مىل-
يون 710 مىڭ، چىڭ سۇلالىسى-
نىڭ گۇاڭشۈي يىللىرى يەنى 1900
ـ يىلى 400 مىليون، جۇڭخۇا
مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرى يەنى
1912 ـ يىلى 405 مىليون 810
مىڭ ئىدى. دېمەك بۇنىڭدىن 2000
يىل بۇرۇنقى زامانلاردا ئادەم شالا-
ڭ، دەريا سۇلىرى كۆپ شارائىتتا
كارىز قېزىشنىڭ ھېچ زۆرۈرىيىتى
يوق ئىدى.

5. بەزىلەر تۇرپان كارىزلىرى-
نى قېزىشنى لىـن زېشۇ» [6]
ئۆگەتكەن دەيدۇ. لىن زېشۇ ئۇلۇغ
ۋەتەنپەرۋەر زات. ئۇ 1842 ـ يىلى
شىنجاڭغا سۈرگۈن بولۇپ كەلگەن.
ئەينى يىللاردا ئۇ شىنجاڭنىڭ يېزا
ئىگىلىكى ۋە سۇ ئىشلىرىدا بەلگى-
لىك تۆھپە قوشقان، لېكىن كارىز-
نى ئۇ ئىجاد قىلغان ئەمەس. تۇرپان

يار يېزىسىدىكى پىشقەدەم بەش ئەۋلاد كەسپىي كارىزچى ئەرشىدىن ئاكىنىڭ كونىلاردىن ئاڭلىشىچە، لىن زېشۇ كارىزنى كۆرۈپ، سىلەر ئۇيغۇرلار قالتىس باتۇر خەلقكەنسىلەر، قالتىس مۆجىزە يارىتىپسىلەر، بۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق چېپىۋېرىڭلار دەپتىكەن. بۇنىڭدىن بۇ زاتنىڭ تۇرپان خەلقىنى سۆيۈدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇپ، تۇرمۇشىنى ياخشىلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

لىن زېشۇنىڭ بۇگۈنگىچە ساقلانغان كۈندىلىك خاتىرىسىدە:

تۇرپان ئويمانلىقىدىن كېتىۋېتىپ نۇرغۇن ئازگاللارنى كۆرۈپ ناھايىتى ھەيران بولغان ۋە بىر ئۇيغۇر دېھقاندىن بۇ نېمە دەپ سورىغاندا: بۇ كارىز بولىدۇ، سۇ يەر ئاستىدىكى تەشمە بىلەن ئاقىدۇ، دەپ جاۋاب بەرگەن. لىن زېشۇ: «بۇ ھەقىقەتەن تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن بولمىغان مۆجىزىكەن» دېگەن. («تۇرپاننىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيىتى» خەنزۇچە 89 ـ يىل 1 ـ نەشرى 153 ـ بەت).

لىن زېشۇ ئۆز خاتىرىسىدە يەنە تۇرپان دىيارىنى كەزدىم، تالاي زېمىنلىرى قۇدۇق سۈيى بىلەن سۇغۇرىلىنىدىغىنىغا قارىغاندا كارىز بۇ جايغا ئۇدۇم ئىكەن. غۇلاچتا بىر قۇدۇق، خۇددى تۇتاشتۇرلغان ھالقىدەك سۇلىرى قۇدۇقتىن ـ قۇدۇققا ئېقىپ چىقىدىكەن. بۇنى كارىز دەپ ئاتايدىكەن. كارىزنىڭ ئەۋزەللىكى كۆپ ئىكەن، ئۇنىڭدىكى ھونەرمۇ كارامەت ئىكەن، ئىچكىرىدە ۋە باشقا يەرلەردە بۇنى كۆرۈپ باقمىغان، مۇشۇ يەردە كۆردۈم. ⑦

لىن زېشۇ

(ئاپتور شىنجاڭ نېفىت ئىنىستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى)

---

① پالئوزوي ـ قەدىمكى ھايات ئېراسى

② «تۇرپاننىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى» (خەنزۇچە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشر 251 ـ بەت.

③ ئەسلى ئىسمى سەيدۇل، لەقىمى «قازاق»

④ سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى لۈكچۈن بېگى

⑤ تۇرپان ناھىيىسىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى

⑥ لىن زېشۇ ـ 1841 ـ يىلى ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنىپ، 1842 ـ يىلى 10 ـ نويابىر ئەتراپىدا تۇرپاندىن ئۆتكەن.

⑦ «شىنجاڭ سۇ ئىشلىرى» ئومۇمىي 60 ـ سان مۇقاۋىنىڭ 3 ـ بېتى.

تەھرىرى: ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق

# مانى دىنىنىڭ قوچۇ ئۇيغۇرلىرى رايونىغا تارقىلىشى توغرىسىدا مۇلاھىزە

چىمەنگۈل نەجمىدىن

مانى دىنى يورۇقلۇق دىنى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ دىن مىلادى Ⅲ ئەسىردە پېرسىيىلىك مانى تەرىپىدىن بارلىققا كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي يۇرت ئارقىلىق مۇڭغۇل چۆللۈكىنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىغا تارقىلىپ كىرىپ، ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن دۆلەت دىنى قىلىپ بەلگىلەنگەندى. ① مىلادى 840 - يىلى ئورقۇن ئۇيغۇر دۆلىتى مۇنقەرز بولۇپ، قوۋملىرى غەربكە كۆچكەندە، ئۇلارنىڭ ئاساسلىق بىر تارمىقى تۇرپان رايونىغا كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادلىرىدىن بولغان قوشلار بىلەن بىرگە ② ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلىنى قۇردى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۇرپان رايونىدا بايقالغان زور مىقداردىكى ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلار، بۇ بىر تارماق ئۇيغۇرلارنىڭ قوچۇ رايونىغا كەلگەندىن كېيىن، بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ مانى دىنىغا بولغان قىزغىنلىقىنىڭ تېخى ئۆچمىگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى. 1902 - يىلدىن 1907 - يىلغىچە بولغان ئارلىقتا پرۇسسىيە (گېرمانىيە) ئالىمى لىكوك تۇرپاندىكى ئىدىقۇت قەدىمىي شەھەر خارابىلىقى بىلەن ئۇنىڭ ئەتراپىدىن مانى دىنىغا ئائىت خارابە ئىزنى تاپتى. خارابىلىقتىن مانى دىنىنىڭ تام رەسىملىرى بىلەن نەپىس رەسىم، تۇغ - بەلگە ۋە ئوتتۇرا قەدىمكى پارس، تۈرك تىلى ھەم قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن مانى يېزىقىدا يېزىلغان كۆپلىگەن دىنىي نوملارنىڭ پارچىلىرى تېپىلدى. مۆلچەرلىنىشىچە ئۇلارنىڭ سانى بىر قانچە مىڭ پارچىدىن ئارتۇق ئىدى. بۇ ھال ئەينى ۋاقىتتا ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىنىڭ دائىرىسىدا ساقلىنىۋاتقان مانى دىنىغا ئائىت نوملارنىڭ خېلى كۆپلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. لىكوكنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، ئۆز ۋاقتىدا شۇ جايدىكى دېھقانلار بۇ جايدىن نەچچە ئون ھارۋا كەلگىدەك قول يازما پارچىلىرىنى كۆرگەنلىكىنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەرگەن، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ مانى دىنىنىڭ يەر ئاستى كىتاب ئامبىرىدىن بىرنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تاپقان، بىراق ئىقىن سۈيىنىڭ ھۆل قىلىۋېتىشى بىلەن بۇ كىتابلارنىڭ رەڭگى ئۆزگىرىپ، چىرىپ كەتكەچكە، ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە مۇمكىن بولمىغان. ③ ئالىملارنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، بۇ يادىكارلىقلار Ⅸ ئەسىردىن XⅡ ئەسىرگىچە بولغان قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دەۋرىگە مەنسۇپ يادىكارلىقلار ئىدى.

ئېلىمىزنىڭ تارىخنامىلىرىدىكى خاتىرىلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىنمۇ داۋاملىق مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. بۇ ھەقتە «كىتابلار جەۋھىرى» نىڭ 976 - جىلدىدا: «كېيىنكى تاڭ پادىشاھلىقىنىڭ تيەنچېڭ 4 - يىلى (929 - يىلى) 8 - ئايدا شىمالىي ئاستانىدىكىلەر مانى راھىبىنى دەپنە قىلىشنى ئىلتىماس قىلدى، مانى راھىبى ئەسلى ئۇيغۇرلارنىڭ راھىبلىرى ئىدى، ئاۋۋال ئۆز ئېلىدىن تەيياۋەنگە كەلگەنىدى» دەپ خاتىرىلەنگەن. «يېڭى بەش دەۋر تارىخى، جۇ پادىشاھلىقى ھەققىدە خاتىرە» «گۇاڭشۇننىڭ تۇنجى يىلى (951 - يىلى باھار) 2 - ئايدا، ئۇيغۇرلاردىن تۇتۇق ئەلچىلىككە كەلدى، ...... ئۇيغۇر مانىمۇ ئەلچىلىككە كەلدى» ④ دەپ خاتىرىلەنگەن. سۇڭ سۇلالىسىنىڭ تەيپىڭ شىڭگو 11 - يىلى (982 - يىلى) ۋاڭ يەندى قوچۇغا ئەلچىلىككە بارغاندا، زىيارەت قىلىپ، «مانى دىنى ئىبادەتخانىلىرى بىلەن پېرسىيىلىك راھىبلارنىڭ بارلىقىنى، راھىبلار ئۆز ئەھكاملىرى بويىچە ئىش كۆرۈدىغانلىقى» نى ⑤ يازغانىدى. بۇنىڭدىن مانى دىنىنىڭ قوچۇ رايونىدا بىر قانچە يۈز يىلدىن بۇيان بۇددا دىنى بىلەن بىرگە مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى، پەقەت « XⅢ ئەسىردىن كېيىن ئۇيغۇر قوۋملىرىنىڭ ئارىسىدا مانى دىنى ئازراق ئاجىزلاشقان» ⑥ لىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئەينى ۋاقىتتا قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خانى سامانىيلار خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ سەمەرقەنتتىكى مانى مۇخلىسلىرىغا زىيانكەشلىك قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىدىن ۋاقىپلانغاندىن كېيىن، ئەلچى ئەۋەتىپ سامانىيلارنىڭ ھۆكۈمرانلىرىغا: «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دائىرىسىدىكى مۇسۇلمانلار سامانىيلارنىڭ چېگرىسى ئىچىدىكى مانى مۇخلىسلىرىدىن كۆپ، ناۋادا ئۇ جايدىكى مانى مۇخلىسلىرى زىيانكەشلىككە ئۇچرىسا، ئوخشاشلا ئۆچ ئېلىنىدۇ» دېگەنىدى. نەتىجىدە سامانىيلارنىڭ ھۆكۈمرانلىرى قوچۇ ئۇيغۇر خانىنىڭ تەھدىتى بىلەن نائىلاج مانى مۇخلىسلىرىغا قاراتماقچى بولغان زىيانكەشلىك ھەرىكىتىنى توختىتىشقا مەجبۇر بولغانىدى. ⑦ بىز مۇھەملىقتىن ئالغاندا، قوچۇ ئۇيغۇرلىرى-

نىڭ مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىشى-
نىڭ سەۋەبلىرى خىلمۇ خىل بول-
سىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدا يەنىلا ئوبيېك-
تىپ ئىجتىمائىي ئامىلدىن ئىبارەت
ئىككى تۈرلۈك ئامىل ئاساسىي ئو-
رۇننى تەشكىل قىلسا كېرەك.

مەلۇمكى، قوچۇ ئۇيغۇر خانلى-
قى قۇرۇلغان تۇرپان رايونى قەدىم-
دىن تارتىپ غەرب بىلەن شەرق قات-
نىشىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى بولۇپ
كەلگەچكە، تارىختا بۇ جايدا ياشاپ
كەلگەن ئاھالىلەر يۈكسەك دەرىجىدە
تەرەققىي قىلغان ئىقتىساد، مەدەنى-
يەت گەۋدىسىنى بارلىققا كەلتۈ-
رۇپ، ھەرخىل مەدەنىيەت جەۋھەر-
لىرىنى قوبۇل قىلىپ كەلگەن، شۇ
سەۋەبلىك قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ
گۈللىنىشىمۇ ھەرخىل مەدەنىيەت
جەۋھەرلىرىنى قوبۇل قىلىش ۋە
ئۆزئارا بىرىكتۈرۈپ، تاكامۇل-
لاشتۇرۇش جەريانى بولغاچقا، مە-
نىۋى مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئامىل-
لارغىمۇ ئەھمىيەت بېرىشمۇ ئىنتا-
يىن زۆرۈر ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە
مەنىۋى مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئا-
مىللار ئاساسەن كىشىلەرنىڭ ئىدى-
ئولوگىيە قاراشلىرى جەھەتتىكى
ھېس تۇيغۇلىرى بىلەن بىرلىشىپ
كەتكەچكە بۇنىڭدا دىن ھۆكۈمرانلار
تەرىپىدىن پايدىلىنىدىغان ھەم ئۇ-
نىڭغا لايىقلىشىدىغان خۇسۇسىيىتى
بىلەن جەمئىيەتتە بەلگىلىك تەسىر-
گە ئىگە ئىدى.

سىتەيىن ۋە باشقا ئېكسپېدىتسى-
سىيىچىلەر بىلەن ئېلىمىزنىڭ ئار-
خېئولوگلىرى تۇرپاندىن قېزىۋالغان
ۋە توپلىغان مۇناسىۋەتلىك تارشا،
پۈتۈك، يىپەك توقۇلما رەختلەر
ھەم فار - فۇر قاچا قاتارلىق
ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرى-
دا، شەرق مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى
كۈچلۈك ئەكس ئەتتۈرۈلگەندىن
باشقا تۇرپاندىن تېپىلغان باشقا مەدە-
نىيەت يادىكارلىقلىرى بىلەن مانى
دىنىنىڭ خىراكمىنت ھۆججەتلىرى
بىرلا خىل يېزىق بىلەن ئەمەس،
بەلكى بىرقانچە يېزىق بىلەن يېزىل-
غانلىقى ئىسپاتلاندى. ئۇلارنىڭ ئى-
چىدىكى بەزى ۋەسىقىلەر، مانى دى-
نىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىگە ئائىت بو-
لۇپ، مانى ۋە ئۇنىڭ مۇرىتلىرىنىڭ
يازغان ئەسەرلىرىنىڭ تەرجىمىلىرى
بولسا، بەزىلىرى شەرقتىكى دىن
تارقاتقۇچى ئامونىنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ
تەرجىمىلىرى ئىدى. قىسقىسى، بۇ
ۋەسىقىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى
ئىران بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دى-
نىي رايونلارنىڭ كلاسسىك ئەسەر-
لىرى بولۇپ، دىنىي ئەقىدىلەرگە
ئائىت ماقالە، تەپسىر، مەسىلىلەر ۋە
دىنىي رايونلارنىڭ تارىخى توغرىسى-
دىكى ئەسەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئال-
دۇ. قالغانلىرى بولسا مانىغا مەد-
ھىيە شېئىر، تىلاۋەتنامە ھەم تۆۋ-
نامىگە دائىر ئەسەرلەرنى ئۆز ئىچى-
گە ئالىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ قىم-
مەتلىك بولغان بىر پارچە ئەسەر
«تۆۋبنامە» بولۇپ، تۇرپان رايونى-

دىن تېپىلغان 20 پارچىدىن ئارتۇق
بۇزغۇنچىلىقتا ئۇچرىغان ئەسەرلەر-
نىڭ ئىچىدە بۇ ئەسەرنىڭ كۆچۈرۈل-
گەن پارچىلىرى بار.[8] دېمەك يۇ-
قىرىدىكى تارىخىي پاكىتلاردىن مانى
دىنىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىم-
كى مىللەتلەرنىڭ ئىچىدە ئوخشىمى-
غان دەرىجىدە تارقالغانلىقىنى،
جۈملىدىن قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ
دائىرىسىمۇ زور دەرىجىدە تەرەققىي
قىلغانلىقىنى كۆرىمىز. قوچۇ ئۇي-
غۇر خانلىقىنىڭ دائىرىسىدىكى ئەل
كۆپ بولغاندىن تاشقىرى، زېمىن
دائىرىسىمۇ ئىنتايىن كەڭ ئىدى.
ئۇنىڭ چېگرىسى غەربتە ئەرەب،
پارسلار بىلەن چېگرىداش، شۇڭا پا-
مىرنىڭ غەربىدىن ھالقىپ كەتكەن-
دى. جەنۇبتا ئۇدۇن (خوتەن) بى-
لەن چېگرىلىناتتى، شەرق تەرەپتە
ئېۋىرغولنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.
شۇنىڭدەك كۇسەننىمۇ ئۆز ئىچىگە
ئالىدىغان بولغاچقا «غەربىي ئايماق
كۇسەن»[9] دەپمۇ ئاتالغانىدى. دې-
مەك تۇرپان رايونى خەن دەۋرىدىن
بۇيان يىپەك يولىنىڭ ئاۋاتلىشىشىغا
ئەگىشىپ، بىر تەرەپتىن ئوتتۇرا
تۇزلەڭلىك مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى-
گە ئۇچرىسا، يەنە بىر تەرەپتىن
ئىجتىمائىي ئۆرپ - ئادەت جەھەتتە
غەرب مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە
ئۇچراپ، بىر خىل مۇرەككەپ مەدە-
نىيەت فورماتسىيىسىنى بارلىققا
كەلتۇرگەنىدى. «تاڭ سۇلالىسىدىن
ئاۋۋال غەربىي يۇرتنىڭ قوۋملىرى
بۇ خىل مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىگە ئاز-
چە كۆپ ئۇچرىمىغانىدى. چۈنكى بۇ
مەزگىلدە — بۇ جايدىكى خەنزۇلار
بىلەن شەھەر قەلئەلەرنى ماكان تۇ-
تۇپ كېلىۋاتقان غەربىي يۇرتلۇقلار
غەرب ۋە شەرق مەدەنىيىتىنىڭ ئوت-
تۇرىسىدا ئولتۇراقلاشقانىدى».
شۇنداقتىمۇ «بۇ ئىككى خىل مەدە-
نىيەت ئۆزئارا پەرقلىق بولسىمۇ،
ئۇچراشقاندا ھامان قوشۇلۇشنىڭ ئا-
لامەتلىرى كۆرۈلۈپ تۇردى.»[10]
دېمەك، غەربىي يۇرت ئېرىقلار مۇ-
رەككەپ بولغان جاي بولۇشتىن تاش-
قىرى، غەرب ۋە شەرق مەدەنىيىتى
ئۆزئارا ئۇچرىشىدىغان جاي بولغاچ-
قا، ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى ئاۋۋال
ئوتتۇرا ئاسىيادىن، ئاندىن ئوتتۇرا
تۇزلەڭلىكتىن قايتا تارقىلىپ كىر-
گەن مانى دىنى بىلەن ئۇچراشقان-
دى. مانى دىنى يېڭىدىن قۇرۇلغان
ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى قوۋم-
لىرىنىڭ ئىدىئولوگىيىسىدىكى يې-
ڭى بىر ئېقىمغا ئايلىنىپ، ئۇلارغا
پارس ۋە ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ مە-
دەنىيەت جەۋھەرلىرى بىلەن سەنئەت
دۇردانىلىرىنى ئېلىپ كېلىپ، مە-
دەنىيەتتە قايتا بىر جانلىنىش ھالى-
تى شەكىللەندۈرگەنىدى، بۇنىڭ
بىلەن ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلى ئۆزلى-
رىنىڭ ئەسلىدىكى ئاساسلىرى بى-
لەن IX ئەسىردىن باشلاپ ئۆز مەدە-
نىيىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى بىر بال-
داققا كۆتەردى. بۇ تەبىئىيكى زور
كۆپچىلىك ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچۈش-

تىن كېيىنكى يەنە بىر تاللىشى
بولغاچقا، تىنچ مۇھىت خانلىقنىڭ
ماددىي ئاساسىنىمۇ بېيىتىپ بار-
دى. ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى ھۆكۈمە-
رانلىرىنىڭ ئۆزلىرى «Idi—qut»
دەپ ئاتىشىنىڭ ئۆزىمۇ ئەمەلىيەتتە
ھۆكۈمرانلارنىڭ ئەمدىلىككە كەل-
گەندە «قاغان» (خان) ھوقۇقىنىڭ
دەخلىسىزلىكىنى داۋاملىق پەش قى-
لىشنى دۇنيا قاراش، توغرىسىنى
ئېيتقاندا، مانى دىنى مۇھىتىنىڭ
غايىۋى دۇنياسى بىلەن بىرلەشتۇ-
رۇشنىڭ زۆرۈرلىكىنى تونۇپ يەت-
كەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك
ئىدى.

ئىككىنچىدىن، ئۇيغۇرلار ئوت-
تۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت چەمبىرىكى
دائىرىسىدە تۇرغان بولۇپ، مانى دى-
نىمۇ دەل مۇشۇ خىل مەدەنىيەت
چەمبىرىكىنىڭ ئىچىدە مەيدانغا
كەلگەنىدى. مانى دىنىنىڭ كەشىپ
قىلغۇچىسى مانىنى ئېلىپ ئېيت-
ساق، گەرچە ئۇ بۇ دىنىنى ئۆز ۋەتى-
نىنىڭ تۇپرىقىدا بارلىققا كەلتۇر-
گەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ روناق تاپقان
جايى ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا
ئىدى.

يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، شەرق
ۋە غەرب قاتنىشىدا ئۆزۈلمەي قاتناپ
تۇرىدىغان سوغدى سودىگەرلىرى بۇ
دىنىنى بۇ قاتناش لىنىيىسىنىڭ
ھەرقايسى تۈگۈنلىرىگە ئېلىپ بې-
رىش بىلەن بىرگە، ئۆزلىرىمۇ بۇ
دىنغا ئېتىقاد قىلىپ، كىشلەرگە
يېڭى بىر مەدەنىيەت تۇيغۇسىدىن
ئۇچۇر بەردى. شۇنىڭدەك ئەينى ۋا-
قىتتا ئوتتۇرا مەركىزىي ئاسىيانىڭ
ۋەزىيىتىمۇ نىسبەتەن مۇقىم بولمى-
غاچقا، بىرلىككە كەلگەن ئېتىقاد
سىستېمىسى يوق ئىدى. بۇددا دى-
نىنىڭ تەسىرى چوڭقۇر بولسىمۇ،
ئۇ پەقەت ھەرقايسى شەھەر قەلئە
ھۆكۈمرانلىرى تەرىپىدىنلا پايدىلى-
نىپ، ھوقۇق مەركەزگە يىغىلغان
ھاكىمىيەت قۇرۇش ئىستىكى بىلەن
بىرلەشتۈرۈلمىگەنىدى. نەتىجىدە بۇ
ھەرخىل ئېقىملارغا ۋەكىللىك قى-
لىدىغان ئىدىئولوگىيە سىستېمىلى-
رىنىڭ سىڭىپ كىرىشىنىڭ ئالدىنى
ئالالمىغاچقا، بۇ رايونلارنى ھەرخىل
ئىدىيە ۋە دىنلار ئۇچرىشىدىغان سو-
رۇنغا ئايلاندۇرغانىدى. ئالايلۇق ما-
نى دىنى دەل مۇشۇنداق تارىخىي شا-
رائىتتا قوچۇ رايونىغا تارقىلىپ كى-
رىپ، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ زېمىنلى-
رىدا ئۆزىنىڭ تارقىتىش مەركەزلى-
رىنى بەرپا قىلدى.

ئۈچىنچى، بىر نۇقتىدىن ئې-
لىپ ئېيتقاندا، قوچۇ ئۇيغۇر خان-
لىقى ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈ-
شى بىلەن قوچۇ رايونىدىكى تۈرك-
لەشكەن يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ھا-
كىمىيەت گەۋدىسى ئىدى. مانى دى-
نى بۇ ھاكىمىيەت گەۋدىسىنىڭ
دەسلەپكى تەكتى بولغان ئورقۇن
ئۇيغۇر خانلىقى مەرگىلىدىلا كەڭ
ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىنىڭ دىققىتى-
نى قوزغىدى. ئورقۇن ئۇيغۇر خان-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



لىقىدا بولۇپ ئۆتكەن بىرقانچە قېتىملىق ۋەقەلەر بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشىدىمۇ، بۇ دىن ئۆزىنىڭ بەلگىلىك رولىنى جارى قىلدۇرغانىدى. قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىدا بولسا، مانى دىنى بارغانسېرى ھۆكۈمرانلارنىڭ چۈشەنچىلىرىگە ماسلىشىپ، فېئوداللىق ئىدىيە تۈسى بارغانسېرى قويۇقلاشتى. مەسىلەن: تۇرپاندىن تېپىلغان مانى دىنىغا ئائىت 135 - نومۇرلۇق بىر پارچە ۋەسىقىدە بۇ نۇقتا ناھايىتى جايىدا چۈشەندۈرۈلگەن؛ «ئەقىللىق ۋە روھنى سۆيىدىغان ئادەم كۆڭلىنى ئۈچكە بۆلۈشى كېرەك، بىرىنچى قىسمى، پادىشاھ ۋە ئاقسۆڭەكلەرگە تەئەللۇق بولۇش كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا قانائەت تېپىپ، ئىززەت - ھۆرمىتى زىيانغا ئۇچرىماي، تالاش - تارتىش ۋە سۈيىقەست قىلىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ؛ ئىككىنچى قىسمى، تەربىقەت بىلەن شۇغۇللىنىش؛ ئۈچىنچى قىسمى، تېرىقچىلىق قىلىش، مال - مۈلۈك تەقسىم قىلىش ۋە جۇغلاش، تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا تەئەللۇق بولۇپ، شۇ ئارقىلىق ئۆيىنى قوغدىغىلى، خوتۇن باللىرىنى نامراتلىقتىن ساقلىغىلى، تېخىمۇ كۆپ ياخشى نىيەتلىك كىشىلەر ئۈچۈن كۆچ چىقارغىلى بولىدۇ» ⑪. دېمەك، مانى دىنى ئۇيغۇرلار دۈچ كەلگەن ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ۋەزىيەتكە ماسلىشىپ، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ فېئوداللىق ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە زور تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

تۇرپان رايونىدىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مانى دىنىغا ئائىت ۋەسىقىلەردىن قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى مەزگىلىگە كەلگەندە بۇ دىنىنىڭ تېخىمۇ تاكامۇللاشقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بولۇپمۇ مانى دىنى راھىبلىرىنىڭ ئۆزگىچە كىيىنىش ئادەتلىرى ئۇلارنىڭ دەرىجە - مەرتىۋە پەرقلىرىنى نامايەندە قىلىپ بەرگەن بولۇپ، مانى دىنىنىڭ بۇ رايوندىكى تەرەققىياتىنىمۇ ئەكس ئەتتۈرگەن ئىدى. گېڭ شىمىن ئەپەندىنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، تۇرپاندىن تېپىلغان «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مانى دىنىغا ئائىت ئىبادەتخانا ھۆججىتى» دە، 11 جايدا ھۆكۈمەت تامغىسى بولۇپ، بۇ ھال ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ مانى دىنى ئىبادەتخانىلىرىغا ھۆججەت تارقىتىپ بەرگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. يەنە شۇ ھۆججەتتە كۆرسىتىلىشىچە، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى مانى دىنى ئىبادەتخانىسىنىڭ چوڭ - كىچىك راھىبلىرى بىلەن ئىبادەتخانىنىڭ چىقىمى ئۈچۈن مەلۇم مىقداردا خىراجەت ۋە يەر زېمىن ئاجرىتىپ بەرگەنىدى.

يۇقىرىقىلارنى ئومۇملاشتۇرغاندا شۇ نەرسە ئايانكى، مانى دى-

نىنىڭ قوچۇ رايونىغا تارقىلىشى بىر قەدەر ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانلىرى ۋە قوچۇ رايونىنىڭ ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك مۇھىتى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان. ئىككىنچى بىر نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ ھۆكۈمرانلارنىڭ دىنغا بولغان ئېھتىياجى ھەم خەلق ئاممىسىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان تايىنىشى، شۇنىڭدەك ئىجتىمائىي تۈزۈلمىسىنىڭ ئۆزگىرىپ بېرىشى قاتارلىق ئامىللار بىلەنمۇ باغلىنىپ كەتكەن. بۇ بۈگۈنكى كۈنلۈكتىمۇ بىزنىڭ شىنجاڭدا تارقالغان دىنلارنىڭ ئۆتمۈشى ۋە ھازىرىنى بىلىشىمىزدە يەنىلا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مانى دىنى دەل يۇقىرىقىدەك ئامىللار تۈپەيلىدىن قوچۇ رايونىغا تارقىلىپ كىرىپ، ئۆزىنىڭ بىر مەھەللىك تەرەققىيات جەريانى ئارقىلىق تۇرپان رايونىدا چوڭقۇر تەسىرلەرنى قالدۇرغاندى.

(ئاپتور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ پاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى)

---

① فىڭ چېڭجۈن تەرجىمە قىلغان «مانى دىنىنىڭ جۇڭگوغا تارقىلىشى توغرىسىدا تەھسىل»، «غەربىي يۇرت، جەنۇبىي دېڭىزنىڭ تارىخ جۇغراپىيىسىنى تەكشۈرۈپ دەلىللەش» نىڭ 8 - قىسمىدىن كىرگۈزۈلگەن. جۇڭگو كىتاب ئىدارىسى 1958 - يىلى نەشرى.

② «ۋېينامە» 103 - جىلد «قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» بىلەن «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 98 - جىلد «قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە».

③ ئا. ۋون. لىكوك «جۇڭگو تۈركىستانىنىڭ يەر ئاستىدىكى گۆھەرلىرى» 1928 - يىل لوندۇن 58 -، 59 - بەت.

④ «كونا بەش دەۋر تارىخى» 138 - جىلد «ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».

⑤ «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى، قوجۇ تەزكىرىسى» ليۇيىتاڭ يازغان «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات» دا كەلتۈرۈلگەن نەقىل، 495 - بەت.

⑥ خانىدا تورۇ «غەربىي يۇرتنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىن ئوچېركلار» شاڭۋۇ كىتاب ئىدرىسى 1934 - يىل نەشرى 9 - بەت.

⑦ ۋ. ۋ. بارتولد «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قىسقىچە تارىخى» گېڭ شىمىن تەرجىمىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 - يىل نەشرى.

⑧ كېلىم كايىت «يىپەك يولى بويىنىڭ مەدەنىيىتى» شىنجاڭ گۈزەل - سەنئەت فوتو نەشرىياتى 1994 - يىل 88 - بەت.

⑨ ليۇيىتاڭ «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات» 167 - بەت، 509 -، 510 - بەتلەر.

⑩ ليۇيىتاڭ «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات» 167 - بەت، 509 -، 510 - بەتلەر.

⑪ لىن ۋۇجۇ «مانى دىنىنىڭ شەرققە تارقىلىشى توغرىسىدا» 101 - بەت

تەھرىرى: **ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق**

**ئابدۇلجېلىل تۇران كۇتۇپخانىسى**
مكتبة عبدالجليل توران
*Abdulcelil Turan Kütüphanesi*
www.uyghurweb.net

www.uyghurkitap.com

# قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ مائارىپ مەدەنىيىتى ھەققىدە

غەيرەتجان ئوسمان

قوچۇ ئۇيغۇر ئېلى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىلا، قوچۇ رايونىدا ھۆكۈمەت ۋە خۇسۇسىيلار ئاچقان مەكتەپ مائارىپى بولغان. بۇنى تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان خەنزۇچە قول يازمىلار ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئىلدىمىزنىڭ ھەرقايسى دەۋرلىرىدە، فېئودال ھۆكۈمرانلار «مۇھاكىمە ۋە بايان» نى بالىلارنى تەربىيىلەشتىكى ئاساسلىق ئوقۇتۇش دەستۇرلىرىدىن بىرى قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ جىڭ ھەزرەت ئىزاھلىغان نۇسخىسىنىڭ ھۆكۈمەت مەكتىپى ۋە خۇسۇسىيلار مەكتىپى ئوقۇغۇچىلىرى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن پارچىلىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تېپىلدى.

مەسىلەن: 1964 - يىلى تۇرپان ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىكى 27 - نومۇرلۇق قەبرىدىن «‹مۇھاكىمە ۋە بايان›، جىڭ ھەزرەت شەرھى» نىڭ قوچۇ ناھىيىسى ئاچقان مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى جياجۇڭلى كۆچۈرگەن پارچىسى (دەۋرى مىلادى 715 - يىلدىن كېيىن ئەمەس) قېزىۋېلىندى. ① 1969 - يىلى، تۇرپان ئاستانە قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىن «‹مۇھاكىمە ۋە بايان›، جىڭ ھەزرەت شەرھى» نىڭ «غەربىي ئوبلاستىنىڭ قوچۇ ناھىيىسى نىڭچاڭ يېزىسى خوۋفېڭ كەنتىدىن بولغان خۇسۇسىيلار مەكتىپى ئوقۇغۇچىسى - 12 ياشلىق بۇتىيەنشوۋ» تەرىپىدىن مىلادى 710 - يىلى كۆچۈرۈلگەن پارچىسى قېزىۋېلىندى. ②

ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە، بۇ خانلىق قوچۇ رايونى ۋە تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى جايلار بىلەن بەلگىلىك ئالاقىدە بولغان. بۇ توغرىلىق رۇسىيىلىك ئالىم س. گ. كىلياشتورنىي «تېرخىن مەڭگۇ تېشى» (759 - يىلى تىكلىگەن) نىڭ 14 - قۇرۇنى ئىزاھلاپ يازغان «شىنجاڭ ۋە ئوردۇبالىق قاغانى» ناملىق ماقالىسىدە پاكىتلىق قاراشلار بىلەن توختالغان ③

بۇنىڭدىن قارىغاندا قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلۇش ھارپىسىدا، ئۇيغۇرلار قوچۇ رايونىنىڭ مۇنتىزىم مائارىپ تەربىيىسى توغرۇلۇق بەلگىلىك تونۇشقا ئىگە بولغان بولۇشى مۇمكىن.

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە-

كى مائارىپ دىنلار بىلەن زىچ باغلانغان، يەنى قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ مائارىپى بۇددا دىنى، مانى دىنى قاتارلىق دىنلارنى مۇھىم مەزمۇن قىلغان. شۇنداقلا ئىجتىمائىي پەن ۋە تەبىئىي پەنلەرنى ئاساس قىلغان. قوچۇ ئۇيغۇر ئېلى ئەينى زاماندا بۇددا دىنىنىڭ مۇھىم مەركەزلىرىدىن بىرى بولۇپ تونۇلغان. سۇڭ سۇلالىسى ئەلچىسى ۋاڭ يەندىنىڭ ئەلچىلىك خاتىرىسىدە ئېيتىلىشىچە، قوچۇدا ئەللىكتىن ئارتۇق ئورۇندا ساڭرام بولغان.

قوچۇدىكى ساڭراملارنىڭ كۆپ تەرەپلىمە رولى بولغانلىقى مەلۇم. بۇ يەرگە توپلانغان راھىب، مۇرىتلار بىر تەرەپتىن ئىستىقامەت بىلەن شۇغۇللانغان، يەنە بىر تەرەپتىن ئىلمىي پائالىيەت، جۈملىدىن مائارىپ - ئوقۇتۇش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولغان.

بۇددا دىنى نوم - دەستۇرلىرىنىڭ مەزمۇنى بەك كەڭ ۋە چوڭقۇر، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەنەتكەك تىلى (سانسكرت تىلى)، توخرى تىلى، خەنزۇ تىلى قاتارلىق تىللاردا بولغاچقا ھەرقايسى تەرەپلەردىن خەۋەردار بولۇشقا توغرا كېلەتتى.

بۇددا نوملىرىنىڭ مەزمۇنىنى دەماللىققا ئوقۇپ چۈشىنىش بەك تەس ئىدى. شۇڭا بۇددا نوملىرىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن، ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدىن باشلاپلا بېرىلىپ ئوقۇشقا، باسقۇچمۇ باسقۇچ يۇقىرى ئۆرلەشكە توغرا كېلەتتى. ئائىلىدە، خۇسۇسىي مەكتەپلەردە، ئىجتىمائىي مەكتەپلەر ۋە ساڭراملاردا ئۆگىنىش، ئۇستازلارنىڭ يېتەكچىلىكى بولۇش، قاتتىق مەشىق قىلىش، يېزىش، يادلاش، مۇتالىئە قىلىش، مۇنازىرە قىلىش، سوئال - سوراق قىلىش، مەخسۇس تەربىيىلىنىش قاتارلىق پىداگوگىكىلىق قائىدىلەرنىڭ يولغا قويۇلىدىغانلىقى ئەقەللى ئىدى. كۆپچىلىك بۇددا ئەقىدىسىدىن خەۋەردار بولسىمۇ، ئەمما بۇ دىن ساھەسىدە يۇقىرى سەۋىيىگە يېتىدىغانلارنىڭ كۆپ بولماسلىقى تۇرغان گەپ. ئەمما قىسقىچە ئەھۋالى مەلۇم بولغان بەزى تىلشۇناس، شائىر، يازغۇچى، ئالىملارنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ساڭراملار ۋە مانستانلار بىلەن مۇناسىۋىتى قويۇق بولغان.

قوچۇ ئۇيغۇر ئېلىدىكى ساڭرام ۋە مانستانلار ھەرخىل تەبىقە كىشىلىرىنىڭ ئېتىقاد قىزغىنلىقى ۋە ئىلىم تەشنالىقىنى قاندۇرۇش بىلەن بىرگە، قوشنا ئەللەردىن كەلگەن مۇرىت - مۇخلىسلارنىڭ بۇددا ۋە مانى ئەقىدىلىرىنى ئۆگىنىش ئارزۇلىرىغىمۇ پايدىلىق ئىمكانىيەتلەرنى يارىتىپ بەرگەن. تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا، ئوتتۇرا جۇڭگو رايونى، تاڭغۇتلار ئېلى ۋە قىتان خانلىقلىرىدىن بىرمۇنچە بۇد-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دا راھىپلىرى قوچۇ ئۇيغۇر ئېلىگە كېلىپ دىنىي ئىلىملەرنى ئۆگەنگەن ۋە ئىلىم ئالماشتۇرغان.

ساڭرام ۋە مانىستانلاردىن باشقا، قوچۇ ئۇيغۇر ئىلىنىڭ مەركىزىي شەھەرلىرىدە يەنە بۇددا نوملىرىنى مۇھاكىمە - مۇتالىئە قىلىدىغان خاس، ئىلمىي ئورگانلار تەسىس قىلىنغان بولۇپ، بۇ يەرگە سانسكرىت، سوغدى، توخرى ۋە خەنزۇچە تىللىرىنى پىششىق بىلىدىغان ئالىملار توپلانغان. ئۇلار دىنىي ئەقىدىلەر، ئىستىلىستىكا، فونېتىكا ساھەسىدە چوڭقۇر ئىزدەنگەن، گېرمانىيىلىك ئۇيغۇرشۇناس گابائىن خانىم بۇنداق ئورۇنلارنى «ئاكادىمىيە» ئىدى، دەپ ھېسابلىغان ④

قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ دىن مەزمۇنىدىكى مائارىپتىن باشقا، ئىجتىمائىي مائارىپ يەنى ئاممىباب مائارىپمۇ بەلگىلىك نىسبەتتە يۈكسىلىش باسقۇچىدا بولغانلىقىنى دەلىللەيدىغان ماتېرىياللارمۇ يوق ئەمەس. روس ئالىملىرىدىن تېخىنوۋنىڭ «بۇددىزم كەڭ تارقالغان دەۋردە، شىنجاڭدا چوڭ ياشتىكى ئەرلەرنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى ساۋاتلىق ئىدى» ⑤ دېگەن كۆز قارىشى قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەھۋالىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىپ كېتىدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق. بۇنى تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپتىن كۆرۈپ يېتىشكە بولىدۇ.

بىرىنچى: يېزىق قوللىنىش جەمئىيەتتە خېلى كەڭ ئومۇملاشقان. بۇنى ئۆز زامانىسىدىن يېتىپ كەلگەن، توختامنامە، قەرز ھۆججىتى قاتارلىق ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ھۆججەتلەر ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بۇلار چوڭ جەھەتتىن ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرى ۋە خۇسۇسىي ھۆججەتلەر دېگەن تۈرگە ئايرىپ چۈشەندۈرۈلىدۇ. خۇسۇسىي ھۆججەتلەرنىڭ كۆپى كۈندىلىك تۇرمۇشقا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇلاردا يەر، ئۈزۈملۈك، باغ، ئاشلىق، ئائىلە ۋە ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرىنى ئىجارىگە ئېلىش، سېتىۋېلىش توغرىسىدىمۇ چۈشىنىشلىك ھۆججەت ۋە توختامنامىلەر يېزىلغان بولۇپ، بۇلار پۇقرالار ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ ۋە خەلق ئارىسىدا ئوقۇغان ساۋاتلىق كىشىلەرنىڭ بار ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ.

ئىككىنچى: ئاممىباب ئەدەبىيات مۇناسىپ تەرەققىياتقا ئېرىشكەن. ئۆز زامانىسىدىن يېتىپ كەلگەن شېئىر، نەسرىي ئەسەرلەر، ماقال - تەمسىل، داستانلار ۋە ئاممىباب ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمىلىرى بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئۈچىنچى: ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي پەن ساھەلىرىدە زور ئۇتۇقلار قولغا كەلگەن. مەسىلەن، يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن ئەدەبىيات ۋە تەر-

جىمجىلىك ساھەسىدىن باشقا،
رەسساملىق، نەققاشلىق، ھەيكەلتا-
راشلىق، بىناكارلىق، ئاسترونومى-
يە، تىبابەتچىلىك قاتارلىق ساھە-
لەردە يېڭى - يېڭى ئۇتۇقلار قولغا
كەلگەن. چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق
قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلىرىمۇ
يۈكسەلگەن. بۇلار ئەلۋەتتە كونا بى-
لىملەرنى يەكۈنلەش، چوڭلار ياش-
لارغا، ئۇستازلار شاگىرتلارغا ئۆ-
گىتىش، ئائىلە، جەمئىيەت ۋە
مەكتەپلەردە ئۆگىنىش ئارقىلىق يې-
ڭىلىنىپ تۇرۇلغان. ھەتتا سودا -
تىجارەت ئۈچۈنمۇ ئوقۇش ۋە بىلىم
كېرەك بولاتتى. فەن باۋلياڭ ئەپەن-
دى بۇ ھەقتە توختىلىپ، ئۇيغۇر
ئەرلىرى «غەربتە ئوتتۇرا ئاسىيا،
شەرقتە خېبېي، شەندۇڭغىچە قەدە-
مى يەتكەندى. مەقسەتلىرى پۇل
تېپىش، پايدا ئېلىش بولسىمۇ،
جاپا - مۇشەققەتكە قارىماستىن،
شەرق ۋە غەربكە چېپىپ يۈرۈش رو-
ھى، ئومۇمەن ئۇلارنىڭ ئەمگەكچان-
لىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇرلار تى-
جارەت ئەھلى بولمىسا، تىبەتلەر،
خەنزۇلار بىلەن تىجارەت قىلالمايت-
تى. بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار جاۋاھىرات-
لارنى تونۇيتتى. دۆت ئادەملەر بۇن-
داق ئىشلارنى قىلالمايتتى.»

«... ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار-
نىڭ ئۇيغۇرلارغا ‹سارت› (تۈركىي
تىلىدا سودىگەر دېگەن مەنىدە؟)
دەپ بەرگەن نامىدىنلا بۇنى تولۇق
ئۇقۇپ ئالالايمىز. دېمەك، ئۇيغۇر-
لار ئەزەلدىن تىجارەتكە ماھىرلىقى
بىلەن مەشھۇر ئىدى. «سۇڭمۇ خا-
تىرىلىرى» دە گەنجۇ، لىئاڭجۇ،
گۇاجۇ، شاجۇلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ
چېدىرلىرى بار ئىدى. كېيىن ئۇلار
تاڭغىتلار ئىدارىسىگە ئۆتتى...
ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپچىلىكى يەن (خې-
بېي) دە تىجارەت قىلاتتى.» ⑥

دېمەك، فېئودالىزمنىڭ خېلى
گۈللەنگەن دەۋرىدە تۇرغان قوچۇ
ئۇيغۇر ئېلىدىكىلەر، مەيلى قانداق
ئىجتىمائىي پائالىيەت ياكى ئىشلەپ-
چىقىرىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇل-
لانسۇن، بىلىم ۋە تېخنىكىنىڭ كۈ-
چىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان ۋە ئۇ-
نىڭغا ئەھمىيەت بىلەن قارىغان.

قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ مائارىپى
ئىچكى قىسىمغا قارىتىلىش بىلەنلا
چەكلەنمىگەن، بەلكى يەنە قوشنا
ئەللەرنىڭ تەلىم - تەربىيە، مائا-
رىپ مەدەنىيىتىگە كۈچلۈك تەسىر
كۆرسەتكەن. بۇ نۇقتىنى روشەن-
لەشتۈرۈش قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ
مائارىپ ئەھۋالى ۋە مائارىپ سەۋ-
يىسىنى مۆلچەرلەشكە ياكى يەنىمۇ
ئىلگىرىلىگەن ھالدا چۈشىنىشكە
پايدىلىق. قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ
سىرتقا قارىتا يۈرگۈزگەن مائارىپ
تەربىيىسى تىل - يېزىق، ئىجتىما-
ئىي بىلىملەر ۋە دىن ئەقىدىلىرى
قاتارلىقلارغا چېتىلغان.

ئۇيغۇر يېزىقى بۇ خانلىق تەۋە-
سىدە ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلەتتى.
بۇ يېزىق ئىجتىمائىي ئالاقىلەر نەتى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى uyghurkitap.com

جىسمىدە، نايمانلار، قىتانلار ۋە موڭغۇللارغا تەسىر قىلىپ، بۇ قوۋملەر جەمئىيىتىدە ئىشلىتىلىدىغان يېزىق بولۇپ قالغان. قوچۇ ئۇيغۇرلىرىدىن بولغان باخشى، مۇئەللىملەر نايمان، قىتان ۋە موڭغۇللار ئارىسىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلار جەمەتىگە بۇ يېزىقنى ئۆگەتكەن. يېزىقنىڭ ۋاستىسى بىلەن باشقا مەدەنىيەت بىلىملىرىمۇ ئۆگىتىلگەن. ⑦. بۇ نۇقتىنى فرانسىيىلىك شەرقشۇناس ل. خامىلتوننىڭ «ئۇيغۇرلار مەدەنىيىتىنىڭ زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشى بىلەن، XIII ئەسىردىن ئىلگىرى ئۇلار ئەمەلىيەتتە تۈركىي ۋە موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ مەدەنىيەت پېشىۋالىرى دېگەن ئاتاققا ئىگە بولغان» ⑧ دەپ، فرانسىيىلىك يەنە بىر شەرقشۇناس «ئۇيغۇرلار ئالتاي بىلەن ئورقۇندىكى تۈرك، موڭغۇل دۆلەتلىرى، XII ئەسىردىكى نايمانلار ۋە XIII ئەسىردىكى چىڭگىزخان جەمەتىنىڭ، مەدەنىيەت ئۇستازىغا ئايلانغان ئىدى» ⑨ دەپ يەكۈنلەيدۇ.

قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ سىرتقا قارىتا يۈرگۈزگەن مائارىپ تەربىيىسىدە، دىنىنىڭ ئەمرىمەرۇپلىرىنى تەشۋىق قىلىشمۇ مۇھىم مەزمۇن قىلىنغان. «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» دا ئۇيغۇر راھىبلىرىنىڭ ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىغا بېرىپ دىن تارقىتىش بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ئېيتىلغان ⑩ شى لەنلەن باخشىنىڭ بېيجىڭدىكى موڭغۇل ئوردىسىدا بۇددا ئەقىدىسىنى تارقاتقانلىقى، بىرمۇنچە بۇددا نوملىرىنى كۆچۈرگەنلىكىنى، جۇڭگونىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرى بىرمۇنچە ئىبادەتخانىلارنى ياساتقۇزغانلىقى تارىختىن بىزگە مەلۇم. قىتانلار، تاڭغۇتلار ئېلىمگە بارغانلارمۇ بار. ⑪

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مائارىپ مەدەنىيىتىدە چوڭ يۈكسىلىش بولغانلىقىدا گەپ يوق. جۈملىدىن مائارىپ ئىشلىرى ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرگەن، بۇ مەسىلىنى بىز شەرقشۇناسلىقلاردىن جەففار ئەل ئەھمەدنىڭ «ئۇيغۇرلاردا قانۇن ۋە مالىيە ئاتالمىلىرى» («شەرقىي ئوكيان تارىخ تەتقىقات مەجمۇئەسى» IV توم، 510 - بەت، ياپونچە) دېگەن ماقالىسىدىكى مونۇ بايان ئارقىلىق رۇشەنلەشتۈرەلەيمىز: « XII XIV ئەسىرلەردىكى بېشبالىق ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشى، مۇندىن 50 - 60 يىل ئىلگىرىكى، يەنى مۇشۇ ئەسىر ( XX ئەسىر ) نىڭ بېشىدىكى شۇ جاينىڭ تۇرمۇشىدىن كۆپ ئۈستۈن ئىدى. ئۇلار شۇ ئەسىرلەردە غەربىي ياۋروپا زېمىندارلىرى، رىتسارلىرى، ھەتتا يېروسالىمغا يۈرۈش قىلغان ئەھلى سەلىپ ئارمىيىسىگە قاتناشقان خرىستىئانلارغا سېلىشتۇرغاندا، تېخنىكا ۋە تەربىيە كۆرۈشتە يەنە ئۈستۈن ئورۇندا تۇراتتى. . . ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت

ئىقتىدارى ۋە تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئەلۋەتتە مۇئەييەنلەشتۇرۇش لازىم».

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىدا مائارىپ ئىشلىرى بەلگىلىك دەرىجىدە يۈكسەلگەن بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ خانلىق دەۋرىدە ئىلىم پەنىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە نەتىجىلەر قولغا كەلگەن. بولۇپمۇ تىل - ئەدەبىيات، لۇغەت، تەرجىمىچىلىك، تىبابەتچىلىك، رەسساملىق، كالېندارچىلىق قاتارلىق ساھەلەرگە مەنسۇپ نۇرغۇن يازما ھۆججەتلەر دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلىپ، تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىنى باي ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئەتتى. سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ، پىرتانىراكشىت، ۋاپىسى باخشى، ئاپرىنچۇر تېگىن، قالىم قايشى، ئاتساڭ، كى كى، سىلىغ تىگىن قاتارلىق تىلشۇناس، تەرجىمان، شائىر ۋە پەيلاسوپلار قويۇق مائارىپ مەدەنىيىتى مۇھىتىدا يېتىشىپ چىققان. «ئوغۇزنامە»، «ئالتۇن يارۇق»، «مايترى سىمىت»، «كۆڭۈل تۆزۈن ئوقۇتتارچى نوم بىتىگ»، («ئاڭنىڭ ماھىيىتىنى بىلدۈرگۈچى نوم پۈتۈك»، XIII ئەسىردىكى بۇددا مۇتەپەككۇرى ۋاپىسى باخشى ئەسىرى) قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى تاسادىپىي ھادىسە ئەمەس، يەنە بىرمۇنچە بۇددا نوملىرىنىڭ تەرجىمە نۇسخىلىرى بولغاندىن باشقا، «ئىنجىل»، «ئىزوپ مەسەللىرى»، «بەشنامە» (بەنجە تانتارا، كەلىلە ۋە دەمنە)، «رامايانا»، «ماخاپخاراتا» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمە پارچىلىرىنىڭ قوچۇدىن تېپىلىشى تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك ئىشتۇر.

ئومۇمەن، قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ مائارىپ مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش، ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىنى تەتقىق قىلىشنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى. جۇملىدىن تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىنى بېيىتىشتىكى ئەھمىيەتلىك ساھە، بۇ ماقالىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئېرىشىلگەن ماتېرىياللار ئاساسىدا، چامىمنىڭ يېتىشىچە يېزىپ چىقتىم.

بۇ تېمىدا ئىزدىنىۋاتقانلارنىڭ تولۇقلاش ۋە تۈزىتىش پىكىرلىرى بولسا قارشى ئالىمەن.

---

ئاساسلىق پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار:

1. «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1992 - يىل.
2. «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 - يىل.
3. يۈتەيشەن باش مۇھەررىرلىكىدە «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى»، جۇڭگو دوستلۇق كىتاب شىركىتى نەشرىياتى، 1995 - يىل.
4. لى دىڭ كەي قاتارلىقلار «قىسقىچە جۇڭگو مائارىپ

www.uyghurkitap.com

تارىخى» ، سىچۇەن خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىل.

5. ئا. تالىپ «ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىن ئۆچېركىلار» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىل.

6. چ. نەجمىدىن «ئىدىقۇت ئۇيغۇر مائارىپى توغرىسىدا» ، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 1995 ـ يىل، 3 ـ سان.

7. م. توختى «شىنجاڭدىكى بۇددىزىم مائارىپى توغرىسىدا» ، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ژۇرنىلى» ، 1988 ـ يىل 4 ـ سان.

(ئاپتور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكولتېتىنىڭ دوتسېنتى)

---

① «جۇڭگو موزىيلىرى. ش ئۇ ئا ر مۇزېيى» ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى، 203 ـ بەت.

② «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىنىڭ 30 يىلى» 343 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

③ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ، 1994 ـ يىل، 1 ـ سان، 1992 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى. .

④ «چەت ئەللەردىكى تۈركولوگىيە» 321 ـ بەت، مۇسكۋا پەن نەشرىياتى، 1986 ـ يىل، رۇسىيە نەشرى. .

⑤ د. ئى. تىخنوۋ «ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ۋە جەمئىيەت تۈزۈمى» ، موسكۋا، 1966 ـ يىلى، روسچە نەشرى.

⑥ «ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى مۇھىم بىر بۇرۇلۇش دەۋرى» «شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى ژۇرنىلى» ، 1986 ـ يىلى، 4 ـ سان.

⑦ بۇ ھەقتىكى تارىخىي خاتىرىلەر تۆۋەندىكى مەنبەلەردە كۆرسىتىلگەن:

1. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى، تاتا توڭا تەزكىرىسى» .
2. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى، دىھارما تەزكىرىسى» .
3. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى، قارا يىغاچ بۇيرۇق تەزكىرىسى» .
4. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى، يۈرۈڭ تۆمۈر تەزكىرىسى» ، ئوۋ ياڭ شۈەن «گۇيجەي توپلىمى، 11 جىلد، قوچۇلۇق شىبى جەمەتى تەزكىرىسى» .
5. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى، سىبان تەزكىرىسى» .
6. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى، سەككىز تەزكىرىسى» ، ئوۋ ياڭ شۈەن، «گۇيجەي توپلىمى، 11 جىلد، قوچۇلۇق شىبى جەمەتى تەزكىرىسى» .
7. ئا. م. ئىمىن «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» ، 50 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى نەشرى.
8. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى، ئارغۇن سالى تەزكىرىسى» .
9. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى، لىيەن شىشەن تەزكىرىسى» قاتارلىقلارغا قارالسۇن.

⑧ ج. خامىلتون «بەش دەۋردىكى ئۇيغۇر تارىخى ماتېرىياللىرى» (خەنزۇچە) ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 ـ يىل. 8 ـ بەت.

⑨ گىسوست «بوزقىر ئىمپېرىيىلىرى» چىڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1991 ـ يىل، 147 ـ بەت.

⑩ «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» ، 197 ـ جىلد، 1 ـ قىسىم، 4 ـ بەت.

⑪ ياڭ فۇ شۆ «ئۇيغۇرلاردا بۇددىزم» (خەنزۇچە) ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 ـ يىل، 65 ـ بەت.

تەھرىرى: **ئىسراپىل يۈسۈپ**

# ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى شېئىرلارنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا

شىرئەلى يۈسۈپ

## 1. ئىدىقۇت شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىي قىممىتى

ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى (850 - 1250) ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ دەۋردە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ھەرقايسى جەھەتلەردىن تەرەققىياتقا ئېرىشكەن بولۇپ، يازما ئەدەبىيات تۈرىنىڭ كۆپ خىللىقى، مىقدارىنىڭ كۆپلىكى، بەدىئىيلىكىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ، ئىدىقۇت شېئىرلىرى شېئىرىي شەكىل، قۇرۇلما، تىل جەھەتتىكى نەپىسلىكى بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ھازىرغىچە تېپىلغان بىر قىسىم قولىيازمىلىرى ئېلان قىلىنىپ، تەتقىق قىلىنغاندىن كېيىن چىقىرىلغان يەكۈنلەردە كۆپ قىسىم شېئىرلارنىڭ تېماتىك مەزمۇنى شۇ دەۋردىكى ھۆكۈمران دىنىي ئىدىئولوگىيە ئاساسىدا يارىتىلغان بولۇپ، خەلقىنىڭ تۇرمۇش، ئۆرپ - ئادەتلىرى، قەدىمكى ئېتىقادلىرى ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقى قەيت قىلىنىدۇ. بۇ دەۋردىكى شېئىرلار مەزمۇن جەھەتتىن 1) بۇددا دىنى مەزمۇنىدىكى شېئىرلار 2) مانى دىنى مەزمۇنىدىكى شېئىرلار 3) قەدىمكى ئېتىقاد ئىپادىلەنگەن شېئىرلار 4) پەند - نەسىھەت خاراكتېرىدىكى شېئىرلار 5) ئىجتىمائىي ئىشلارغا دائىر شېئىرلار 6) لىرىك شېئىرلار 7) تەزكىرىلەر 8) پالنامىلەر.... قاتارلىق سەككىز تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئۇلار ئاساسىي جەھەتتىن قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ «ئەنئەنىۋى ئاياغ قاپىيە، قاپىيىسىز شەكىللەرمۇ بارلىققا كەلگەن.»[1]

شېئىرلارنىڭ يېزىلغان دەۋرى، تۈرلىرى ۋە ئۇسلۇبى قاتارلىقلارمۇ ھەرخىل بولۇپ، ئۇ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ شەكىللىنىش، تەرەققىي قىلىش جەريانىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىشتا ئىشەنچلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.[2]

بەدىئىيلىك چۈشەنچىسى سەنئەتكە خاس كاتېگورىيىلىك چۈشەنچە بولۇپ، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ جېنىنى تەشكىل قىلىپ تۇرغۇچى ئوبرازلىق تەپەككۇرغا قارىتىلغان. ھەرقانداق بىر بەدىئىي ئەسەر ئوب-

www.uyghurkitap.com



رازلىق تەپەككۇرنىڭ مەھسۇلى. مەيلى پىروزا ياكى پوئېزىيە بولسۇن ئىجتىمائىي ھايات كارتىنىسى مۇئەييەن ئىجادىيەت پرىنسىپى ۋە مېتودى ئاساسىدا ئىپادىلەپ، كۈچلۈك ئىجتىمائىي قىممەت ۋە بەدىئىي تەسىرچانلىق يارىتىدۇ. شۇڭا بەدىئىي مېتودىنىڭ ئىشقا ئېشىشى شائىرنىڭ ماھارىتىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

شېئىرلارنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكىنىڭ بىرىنچى شەرتى چىنلىقتۇر. ئەدىقۇت ئۇيغۇر شېئىرىيىتىمۇ ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ جانلىق ئۈلگىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن يۈكسەك چىنلىق بىلەن يۇغۇرۇلغان. بۇ يەردىكى چىنلىق رېئال تۇرمۇشنىڭ ئۆز پېتىدىكى كۆچۈرۈلمىسى بولماستىن، بەلكى بەدىئىي چىنلىقتىن ئىبارەت.

ئەدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋردىكى ئۇيغۇر شائىرلىرى ئۆزى تەسۋىرلىمەكچى بولغان ئوبيېكتىنى، مەيلى بۇددا دىنى ياكى مانى دىنى نۇقتىئىنەزەرىدە تۇرۇپ، تەسۋىرلىنىشىدىن قەتئىينەزەر، چىن ئىجتىمائىي مۇھىت ئىچىدە تۇرۇپ، ئۆز ئىدىيىسىنى ھەقىقىي دېتاللار ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرۇشقا تىرىشقان.

مەسىلەن، «ئەنە شۇنداق ئورۇنلاردا» شېئىرىدا:

ئادقا شۇ تۇرۇر قات ـ قات تاغدا،
ئامىل ئاغلاق ئارانىياتاندا.
ئارتۇچ سۆگۈت ئالتىنتا،
ئاقار سۇۋلۇقتا.
ئارانچىغىن ئۇچداچى قۇشقىئالار،
تىرىنلىك قۇۋراغلىقتا.
ئادىناقسىزدىن مەڭى تەگىنگۈلۈك ئول،
ئانى تەگ ئورۇنلارتا.

يەشمىسى:

تۇتاش كەتكەن قاتمۇ قات تاغلاردا،
تىنچ خىلۋەت ئارانىيا ـ دانتا.③
ئارتۇچ سۆگۈت ئاستىدا،④
(شاقىراپ)، ئاققان سۇ بويىدا.
شادلىقتا ئۇچقۇچى قۇشلار،
يىغىلىدىغان جايدا.
ھېچ نەرسىگە پەرۋا قىلماي ھوزۇرلىنىدىغان،
ئەنە شۇنداق ئورۇنلاردا.⑤

«ئەنە شۇنداق ئورۇنلاردا» ناملىق شېئىرنىڭ يۇقىرىدىكى مىسرالىرىدا راھىبلارنىڭ نىرۋانىغا يېتىش يولىدا ئىستىقامەت قىلىۋاتقان كۆرۈنۈشى جانلىق سىزىپ بېرىلگەن. مىسرالاردا تەسۋىرلەنگەن جىمجىت ئورمانلىق، گىرەلەشكەن تاغلار ئارىسىدىكى پىنھان ئىستىقامەتگاھ، شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان سۈزۈك سۇلار، سايرىشىۋاتقان قۇشلار... قاتارلىق تەبىئەت ئوبيېكتلىرى بۇددا دىنى مۇردلىرىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ يارقىن تەسۋىرى. گەرچە، شېئىردا دىنى پائالىيەت جەريانىنىڭ مەلۇم تەرىپى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن بولسىمۇ، ئەمما شائىر رېئال تۇرمۇشنى پەردازلى-

ماستىن، ھەقىقىي مەسئۇلىيەتچان
پوزىتسىيە تۇتۇپ، دەۋردىكى دىن-
دارلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى مەسىلى-
لەرنى، رېئال تۇرمۇش ئاساسىدا
كۈچلۈك بەدىئىي ماھارەت بىلەن
ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ يۈك-
سەك تەۋرەنمەس ئېتىقادى، ئۆز
يۇرتىغا بولغان قىزغىن مۇھەببىتى-
نى ئىپادىلەپ بەرگەن.

بەدىئىي ئەدەبىياتتىكى چىنلىق
رېئال ھايات بىلەن يازغۇچى روھىي
دۇنياسىنىڭ مۇناسىۋىتى ئارقىلىق
ئىپادىلىنىدۇ. ئىدىقۇت ئۇيغۇر شا-
ئىرلىرى ئۆزىنىڭ ھېسسىيات، ئې-
تىقاد، ئىنتىلىشلىرىنى رېئال ھا-
يات بىلەن مۇناسىۋەتلەشتۈرۈپ ئى-
پادىلىگەن. بۇنىڭدا بەزىدە خۇددى
ئاپرىنچۇر تېكىننىڭ «مۇھەببەت
لىرىكىسى»[6]دە كىشىلىك تۇرمۇش-
تىكى سۆيگۈ مۇھەببەت تېمىسىنى
يارقىن ئىپادىلىسە، بەزىدە، مانى
يېزىقىدىكى «مەدھىيە پارچىسى»[7]
غا ئوخشاش شېئىرلاردا قەدىمكى ئې-
تىقادنى ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتە
بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، پادىشاھنىڭ
ئېسىل ـ پەزىلەتلىرىنى ئوبرازلىق
سۈپەتلىگەن.

ئۇنىڭدىن باشقا ئىدىقۇت ئۇي-
غۇر شېئىرلىرىدا چىنلىق دەۋرنىڭ
ئىنكاسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىق-
قان. مەسىلەن، «پەند ـ نەسىھەت-
لەر»، «ئاتىلار سۆزى» قاتارلىق
شېئىرلاردا دەۋرنىڭ كىشىلەرنى بە-
لىم ئىگىلەشكە، ياخشى پەزىلەتلىك
بولۇشقا، چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئوتتۇ-
رىغا قويغان.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر شائىرلىرى
سەمىمىيلىكنى ئۆزىگە بىرىنچى
ئۆلچەم قىلغان بولۇپ، ئۇلار رېئال
ھاياتقا، ئۆز ئېتىقادىغا، ئۆزىگە سا-
دىق پوزىتسىيە تۇتۇپ، ئەسەرلىرىدە
يۈكسەك مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن
تەسۋىرلىگەن. بۇنداق شېئىرلار نا-
ھايىتى نۇرغۇن بولۇپ، بۇلارغا
«ئەنە شۇنداق ئورۇنلاردا»، «مانىغا
مەدھىيە» قاتارلىق شېئىرلار كۈچ-
لۈك پاكىت بولالايدۇ.

2. ئىدىقۇت شېئىرلىرىنىڭ
بەدىئىي قۇرۇلمىسى

ئىدىقۇت ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە
شېئىرلار شەكىل جەھەتتىن ئۆزىگە
خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. بۇ دەۋر-
دىكى شېئىرلار شەكىل جەھەتتىن
باش قاپىيەنى ئاساس قىلغان، باش
ـ ئاياغ قاپىيىگە تەڭلا ئېتىبار بەر-
گەن. چاچما شەكىلدىكى شېئىرلار
بولۇپ، شەكىل جەھەتتىن قېلىپ-
بازلىققا قارشى ھالدا ئەركىن،
كۆپ خىللىققا يۈزلەنگەن.

1) باش قاپىيىلىك شېئىرلار
شەكلى

ئىدىقۇت ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە
باش قاپىيىلىك شېئىرلار ناھايىتى
زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ، بۇ خىل
شېئىرلار «ئەنئەنىۋى شېئىرىي شە-
كىل بولۇپ، شېئىرىي مىسرالار-
نىڭ ئاز كۆپلۈكى نۇقتىسىدىن قارى-
غاندا بەزى شېئىر مىسرالىرىدىكى

www.uyghurkitap.com



بوغۇم سانى ھەرخىل، كوپلېتلار سانى مۇنتىزىم بولۇپ، ئۈچ ـ تۆت، بەش ـ ئالتە، يەتتە ـ سەككىز مىسرالىق بولۇپ كەلسە، بەزى شېئىرلار ھەرخىل كوپلېتسىز چاچما شەكىللەردە كەلگەن.»⑧ ئىدىقۇت دەۋرىدە يەنە «بوغۇم سانى ئوخشاش، مۇنتىزىم ئىككىلىك، تۆتلىكلەردىن تۈزۈلگەن شېئىرلارمۇ بولغان.»⑨

ئىدىقۇت دەۋرىدىكى باش قاپىيىلىك شېئىرلار تۆۋەندىكىدەك شەكىللەردە يېزىلغان.

(1) شېئىر مۇنتىزىم باش قاپىيىدىن تۈزۈلگەن، ئاياغ قاپىيە ئېتىبارغا ئېلىنمىغان، بوغۇم سانى ئوخشاش بولمىغان، ھەممە كوپلېتى ئوخشاشلا بىر خىل ھەرپتىن باشلانغان شېئىرلار شەكلى.

(2) باش قاپىيىدىن تۈزۈلگەن، باش قاپىيىدە رىتىملىق ئۆزگىرىش بولۇپ تۇرىدىغان شېئىرلار. بۇ خىل شېئىرلارنىڭ قۇرۇلمىسى مۇنداق:

«ئەنە شۇنداق ئورۇنلاردا» دېگەن شېئىرنىڭ باش قاپىيە سخېمىسى AAAAAAAA، ABBBBBBB، ACCCCCCC، ADDDDDDD شەكلىدە كەلگەن.

كى كى يازغان 62 كوپلېتلىق ئۇزۇن شېئىرنىڭ باش قاپىيىسى «32 كوپلېتى جاراڭلىق تاۋۇشلار بىلەن، 30 كوپلېتى جاراڭسىز تاۋۇشلار بىلەن تەرتىپلەنگەن. سخېمىسى AAAA، ABAA، BCBA، BABA، CABA، BBBA، CCBA، CCAA، CCCA دىن ئىبارەت توققۇز خىل شەكىلدە كەلگەن.»⑩

(3) باش قاپىيىدىن تۈزۈلگەن كوپلېت بىلەن كوپلېتنىڭ باش قاپىيىسى ئوخشاش بولمايدىغان شەكىل، سخېمىسى: AAA، BBB، CCC، DDD شەكلىدە كەلگەن. بۇ خىل شېئىرلارغا ئاپىرىنچۇر تېكىننىڭ «مۇھەببەت لىرىكىسى» مىسال بولالايدۇ.

(4) باش قاپىيىدىن تۈزۈلگەن، باش قاپىيە مەلۇم رىتىمدا بولمىغان ئاندا ـ ساندا ئاياغ قاپىيە ماھارىتى جارى قىلدۇرۇلغان شېئىرلار. بۇ خىل شېئىرلاردىن «ئىلاھى»⑪ دېگەن شېئىرنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ.

(5) خاتىمە دۇئاسى شەكلى. بۇ خىل شەكىل كۆپىنچە مىسرالارنىڭ باش قاپىيىسى ئىككى ھەرپتىن تەشكىل تاپقان، بەزىلىرىدە باشقا ھەرپلىك مىسرالار ئارىلىشىپ قالغان بولىدۇ. «رەشىد رەھمەتى ئارات تەرىپىدىن رەتلەنگەن 7 پارچە 35 كوپلېت خاتىمە دۇئاسىنىڭ باش ھەرپى a دىن باشلانغان بولۇپ، بۇ ئېھتىمال شۇ دەۋردىكى ھۆكۈمران ئىدىئولوگىيە بۇددا دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. خەلق ئۆزىنىڭ ئامىتا بۇددىغا بولغان ھۆرمىتى ۋە چوقۇنۇشىنى ئىپادىلەش

ئۇچۇن، ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ باش ھەرپى بولغان a نى خاتىمە دۇئاسىنىڭ باش قاپىيىسىنىڭ باش ھەرپى قىلىپ ئالغان بولۇشى مۇمكىن.»[12]

(6) قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە يېزىلغان شەكلى. بۇ خىل شېئىرلار 21 كوپلېتلىق بولۇپ، مۇئەللىپ باش ئاياغ قاپىيىگە تەڭ ئېتىبار بېرىپ، ھەم بىر كوپلېتنىڭ باش ھەرپىنى بىر خىل ھەرپ بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە داۋاملاشتۇرغان.

2) ئاياغ قاپىيىلىك شېئىرلار شەكلى.

ئاياغ قاپىيىلىك شېئىرلارمۇ ئىدىقۇت شېئىرلىرىدا خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇ خىل شېئىرلارنى تۆتلىكلەردىن تەشكىل تاپقان ئاياغ قاپىيە شەكلى ۋە ئىككىلىكلەردىن تەشكىل تاپقان ئاياغ قاپىيە شەكلى دەپ بۆلۈشكە بولىدۇ.

مەسىلەن،

ئاقىقات بولسا تۈزۈن،
ئاڭا جان بەرمىش كەرەك.
مەڭى چىن ئول مەڭى ئوق،
تاقى نە ئايمىش كەرەك.

يەشمىسى:

ھەقىقەت توغرا بولسا،
ئاڭا جاننى بېرىش كېرەك.
مەڭگۈ چىن ئو، مەڭگۈ ئوق،
(ئۇنىڭغا) يەنە نېمە دېيىش كېرەك.[13]

تېكىستى:

ياغمۇر ياغسا قاپۇڭ بولسۇن ياپىنغۇ كەرگەك،
ياۋۇز كىشى ياقىن كەلسە ئابىنغۇ كەرگەك.

يەشمىسى:

يامغۇر ياغسا يېپىنچاڭنى يېپىنشىڭ كېرەك،
ياۋۇز كىشى يېقىن كەلسە، ئېھتىيات قىلىشىڭ كېرەك.[14]

يۇقىرىقى شېئىرلار ئاياغ قاپىيىدە يېزىلغان تۆتلىك ۋە ئىككىلىك بولۇپ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر شېئىرلىرىدا مۇكەممەل بولغان ئاياغ قاپىيىلىك شېئىرلارمۇ بولغانلىقىنى دەلىللەيدۇ.

3) ئەركىن شەكىلدىكى شېئىرلار.

بۇ خىل شېئىرلار باش قاپىيە ئېتىبارغا ئېلىنمىغان، ئاياغ قاپىيە قىسمى راۋاجلاندۇرۇلغان شېئىرلار بولۇپ، ھازىرقى چاچما شېئىرلىرىمىزغا بەكلا ئوخشايدۇ.

مەسىلەن، مانى يېزىقىدا يېزىلغان «مەدھىيە پارچىسى»[15] نىڭ سخېمىسى مۇنداق: باش قاپىيىسى ھەر خىل، بوغۇم سانى ئوخشاش ئەمەس، ئاياغ قاپىيىسى CBAA، DEED، DLGF شەكلىدە كەلگەن.

دېمەك، ئىدىقۇت دەۋرىدىكى شېئىرلارنىڭ بەدىئىي قۇرۇلمىسى يۇقىرىقىدەك ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، شېئىرىيەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



شەكىلنىڭ كۆپ خىل، ئەركىن، ئويناق بولۇشىنى ئاشۇرۇپ، مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ بىر ـ بىرىگە ماسلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىغان. ئىدىقۇت ئۇيغۇر شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىي قۇرۇلمىسى شېئىرىيەتنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ بىر تەرىپى بولۇشى بىلەن بىرگە، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا چاچما شەكىلدىكى شېئىرنى ئېلىپ كىردى.

3. ئىدىقۇت شېئىرلىرىدىكى تىل ۋە بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاستىلىرى

شېئىر ــ ئىنسان ھېسسىياتىنىڭ تىلدىكى ئىپادىسى. شېئىري تىل، نەسرى تىل بىلەن ئېغىز تىلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرىدىغان ئالاھىدە بىرخىل تەسرلەندۈرۈش، ھاياجانلىق قوزغاشنى مەقسەت قىلىدىغان تىلدۇر. شېئىرلاردا ئالاھىدە تاللانغان ئوبرازلىق تىل قوللىنىلىپ، كۈچلۈك ھېسسىيات ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا شېئىري تىل تاللانغان ئالاھىدە ساپلىقتا ئىگە بولىدۇ.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدە شائىرلار ۋە خەلق سەنئەتكارلىرى تىلنى ئىشلىتىشتە، تىلنىڭ ساپلىقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىپ، ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ بارلىق ساھەلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئابستراكت ۋە كونكرېت چۈشەنچىلىرىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرىش ئۈچۈن ناھايىتى مول تىل بايلىقىنى جۇغلىغان. ئۇلار قوللانغان شېئىري تىل خەلق تىلىغا ناھايىتى يېقىن بولغان تاللانغان مېغىزلىق بولۇپ، ئۆزىنىڭ پىكىر ھېسسىياتلىرىنى ئەينەن ئىپادىلەپ بەرگەن.

مەسىلەن،

ئەر دەملىك كىشى ئەردىنى بىرلە تۇز ئول،
ئەر دەمسىز كىشى ئۆتۈك ئىچىندىكى ئۇلياق بىرلە تۇز ئول

يەشمىسى:

پەزىلەتلىك كىشى (گويا) گۆھەرگە ئوخشايدۇ،
پەزىلەتسىز كىشى (گويا) ئۆتۈك ئىچىدىكى پىتەككە ئوخشايدۇ.⑯

يۇقىرىدىكى شېئىردا ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىر تاللانغان، مېغىزلىق سۆزلەر ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ شېئىردا «گۆھەر»، «ئۆتۈك ئىچىدىكى پىتەك» قاتارلىق سۆزلەر قوللىنىلىپ، پىكىرنىڭ ئەينەن، جانلىق، ئاھاڭدارلىقتا ئىگە بولۇشىنى ئاشۇرغان.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر شېئىرلىرىدا ئۇرغۇلۇق، جانلىق، ئوبرازلىق سۆزلەر قوللىنىلغان بولۇپ، شېئىري ئاھاڭدارلىقتا، يارقىنلىقتا ئىگە قىلغان. تۆۋەندىكى شېئىرنى كۆرۈپ باقايلى:

«ئاتلار سۆزى»
قىلماغۇ قىلىقلارنى،
ئاشنۇچا سانمىش كەرەك.

يەشمىسى:

قىلمىغۇلۇق قىلىقلارنى،

ئالدى بىلەن ئۇيلاش كېرەك.
. . . . . . . . . . .
بۇ شېئىردىكى تىل ئۇرغۇ-
لۇق، جانلىق بولۇپ، پىكىر ئوب-
رازلىق تىل ئارقىلىق ئوتتۇرىغا
قويۇلغان. بۇ شېئىرنىڭ ئاخىرقى
ئىككى مىسراسى مۇنداق:
سانما دىن قىلمىشتا كىن،
نەتەگىن تانمىش كەرەك.
يەشمىسى:
ئويلىماي قىلغاندىن كېيىن،
ئۇنىڭدىن تاناماسلىق كېرەك.
ئاخىرقى ئىككى مىسراسىدىمۇ
ئوخشاشلا تاللانغان ئوبرازلىق تىل
قوللىنىلىپ، باشتىن ـ ئاخىر پى-
كىر ئورتاقلىقىقا ئىگە بولغان. قاپى-
يىلىنىش «كەرەك» دېگەن سۆز بى-
لەن تاماملانغاندىن باشقا ئاھاڭدار-
لىق ئارقىلىق شېئىر تېخىمۇ جان-
لىق، ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن.
ئىدىقۇت ئۇيغۇر شائىرلىرى
يېتىشكەن سۆز ئۇستىلىرى بولۇپ،
ئۇلار شېئىرلىرىدا سۆز ئۇيىنى ئوي-
ناشقىمۇ ئالاھىدە دىققەت قىلغان.
مەسىلەن،
تاڭ تەڭرى كەلتى،
تاڭ تەڭرى ئۆزى كەلتى.
تاڭ تەڭرى كەلتى،
تاڭ تەڭرى ئۆزى كەلتى
يۇقىرىقى شېئىردا شائىر «تاڭ
تەڭرى» دېگەن سۆزنى قايتا ـ قايتا
تەكرارلاش ئارقىلىق، شېئىرنىڭ
جانلىق، كۈچلۈك قاراتمىلىقىقا ئىگە
بولۇشىنى ئاشۇرغان.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر شېئىرلىرىد-
ىنىڭ تىلى كۈچلۈك ھېسسىياتقا ئى-
گە بولۇپ، شائىرلار كىشىلەرنىڭ
ھېسسىيات، تۇيغۇ ـ ئىنتىلىشلى-
رىنى بار كۈچى بىلەن جانلىق
ئەكس ئەتتۈرگەن.
تۆۋەندىكىلەردىن كۆرۈپ باقاي-
لى:
«مۇھەببەتنامە»
ئۆز ئامراقىمىن ئويۇرمەن
ئويۇ ئەۋرۈرمەن ئودۇ ... چۇن
ئۆز ئامراقىمىن ئۆپۈكسە يۇرمەن
يەشمىسى:
ئۆز ئامرىقىمنى ئويلايمەن،
ئويلاپ ـ ئويلاپ تۇرغانسېرى.
ئۆز ئامرىقىمنى سۆيگۈم كېلىدۇ[17]
تېكىستتى:
مەدھىيە پارچىسى
كۆك بۆرتەگ سىنى بىرلە يۇرد-
يىن،
قارا قۇزغۇنتەگ تۇپراق ئۆزە قالا-
يىن.
ئىگگە كۈمۈرى،
بىللە گۆكە يارىتەگ بولايىن
يەشمىسى:
كۆك بۆرىدەك سەن بىلەن بىللە يۇ-
رەي،
قارا قۇزغۇندەك تۇپراق ئۈستىدە قا-
لاي.
ئاغرىقىقا داۋا،
بىلەي (بىلەي تاش) گەسۇ (تۇكۇ-
رۇك) بولاي.[18]
بۇ شېئىرلار كۈچلۈك ھېسسى-
يات بىلەن ئىپادىلەنگەن لىرىك

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تەسۋىر ئارقىلىق پىكىر راۋاجلاندۇرۇلغان شېئىرلار، ئالدىنقىسى ئاپرىن چۈرتكىن يازغان «مۇھەببەت لىرىكىسى» دېگەن شېئىرنىڭ ئۈچىنچى كوپلېتى بولۇپ، بۇنىڭدا شائىرنىڭ ئۆز ئايالىغا بولغان يۈكسەك مۇھەببىتى، سېغىنىش ئىپادىلەنگەن. شېئىردا باشتىن - ئاخىرى ئاددىي، مېغىزلىق* سۆزلەر قوللىنىلىپ، ھېسسىيات تاللانغان تىللار ئارقىلىق كۈچلۈك ئىپادىلەنگەن. كېيىنكىسى بولسا مانى يېزىقىدىكى «مەدھىيە پارچىسى» نىڭ بىرىنچى كوپلېتى بولۇپ، شائىر ئۆزىنىڭ ئىگىسىگە بولغان (ئىگە، يۈكسەكلىك مەنىسىدە) كۈچلۈك سېغىنىش، ئارزۇ - ئارمىنىنى، مۇھەببىتىنى ئىپادىلىگەن ھەرخىل بەدىئىي ۋاسىتىلەر قوللىنىپ يەنى كۆك بۆرىدەك، قارا قوزغۇنىدەك، بىلەي گەسۇ. . . . قاتارلىق ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر تۇرمۇشىدىكى بەدىئىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق شېئىردىكى ھېسسىياتنىڭ جانلىق، ئەركىن، ئاھاڭدار، يارقىن بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرغان.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر شېئىرلىرى تىل جەھەتتىن يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغاندىن باشقا، بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرى جەھەتتىمۇ ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر شېئىرلىرىدا خىلمۇخىل نەپىس ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر قوللىنىلغان بولۇپ، ئوغۇزنامە، ئىرىق بىتىگە. . . . قاتارلىق ئەسەرلەردىكى شېئىرىي مىسرالاردا ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تۇرمۇش قارىشى ۋە ئېتىقاد قارىشىغا باغلىق ھالدا، ۋايىغا يەتكۈزۈپ قوللىنىلغان. قىسقا ماۋزۇلۇق شېئىرلاردىمۇ، شائىر ۋە سەنئەتكارلار ئۆزى تەسۋىرلىمەكچى بولغان ئوبيېكتنى، خىلمۇخىل نەپىس ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر شېئىرلىرىدا قوللىنىلغان ئاساسلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەردىن تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

(1) ئوخشىتىش

بۇ خىل ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتە ئىدىقۇت ئۇيغۇر شېئىرلىرىدا ناھايىتى كەڭ قوللىنىلغان بولۇپ، مەلۇم جەھەتتىن ئوخشاشلىقى بولغان ئىككى شەيئىنىڭ بىر ئارقىلىق بىرىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلغان.

مەسىلەن،

كۆك بۆرتەگ سېنى بىرلە يۈردىيمىن،
قارا قوزغۇنتەگ تۇپراق ئۈزە قالايمن،

بۇنىڭدا «كۆك بۆرىدەك، قارا قوندۇزدەك . . . » قاتارلىق ئوخشىغۇچىلار ئارقىلىق «مەن، تۇپ-

راق . . . » قاتارلىق ئوخشالغۇچىلار گەۋدىلەندۇرۇپ بېرىلگەن.

(2) جانلاندۇرۇش

ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئىستىلىستىكىلىق ئېھتىياج بويىچە، زۇرۇر تېپىلغاندا جانلىق ۋە جانسىز نەرسىلەر، ئوي پىكىر ۋە ھېسسىياتقا ئىگە ئادەملەر سۈپىتىدە ياكى ئادەملەر جانلىق ۋە جانسىز نەرسىلەر سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. ئىدىقۇت ئۇيغۇر شېئىرلىرىدا جانلاندۇرۇش خېلى گەۋدىلىك ئورۇندا تۇرىدۇ.

مەسىلەن،

«دوزاق تەسۋىرى» دېگەن شېئىردىكى:

بىر سوپ قوتى ئىرىنۇر تىيۇر،
ئوت سوپى قۇتى ئىخلايۇرتىيۇر.
ئى ئىخاچ قۇتى ئىخلايۇرتىيۇر.

دېگەن مىسرالاردىكى «يەر، سۇ، ئوت، دەل ـ دەرەخلەر» نى ئادەملەرگە خاس روھىي ھالەتكە ئىگە قىلىپ تەسۋىرلىگەن.

(3) رىتورىك خىتاب

ئىدىقۇت ئۇيغۇر شېئىرلىرىدا رىتورىك خىتاب ناھايىتى ئۇنۇملۇك قوللىنىلغان بولۇپ، شائىرلار ۋە خەلق سەنئەتكارلىرى ئۆزى تەسۋىرلىمەكچى بولغان ئوبيېكتلارنى تەسۋىرلىگەن چاغدا، ناھايىتى كۈچلۈك خىتابلىق مىسرالارنى قوللىنىپ، ئەسەرنى جانلىق، يارقىن، ئوبرازلىققا ئىگە قىلغان.

مەسىلەن، تۇرۇڭلار قامۇغ
بەگلەر قاراشلار
تاڭ تەڭرىگە ئۆگەلىم

دېگەن مىسرالاردىكى كەڭ خەلقنى تاڭ تەڭرىنى مەدھىيىلەشكە خىتاب قىلغان.

يۇقىرىدا بىز كۆرۈپ ئۆتكەن ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر ئىدىقۇت ئۇيغۇر شېئىرلىرىدا بىرقەدەر كۆپ ئۇچرايدىغان ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر بولۇپ، بۇ دەۋر شېئىرىيىتىدە ھازىرقى دەۋرىمىزدە قوللىنىلىدىغان ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن ئىفمىزم، سۈپەتلەش، رىتورىك سوراق . . . . قاتارلىقلار ۋايىغا يەتكۈزۈلۈپ قوللىنىلغاندىن باشقا، ھازىرقى شېئىرىيىتىمىزدە يوق بولغان، «ـ لار، ـ لەر» ئارقىلىق ئىسىملاشقان سۈپەتلەرگە ئۇلىنىپ، شەكىللەنگەن ئالاھىدە بىر خىل ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىمۇ بولغان. بۇ خىل ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر ئىدىقۇت شېئىرلىرىنىڭ يېڭى بىر بەدىئىي سۈپىتىدە كېيىنكى شېئىرىيىتىمىزگە زور تەسىر كۆرسەتكەن.

## خۇلاسە

ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلى دەۋرىدىكى شېئىرلار ئۇرقۇن ـ يەنسەي دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ راۋاجى. گەرچە ئۇنىڭ مەزمۇنىدا بۇددا، مانى، دىنى پۇرىقى كۈچلۈك بولسىمۇ، بۇ شېئىرلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئىدىئولوگىيىسىنىڭ ئۇيغۇر تۇپرىقىدا يېتىلگەنلىكىنى،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



روشەن گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن.

ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدىكى شېئىرلار مەزمۇننى ئىپادىلەشتە ئاددىي، چاچما شەكىللەر ئارقىلىق ئەيىنەن، قاتلاملىق ئىپادىلەپ، ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىش يولىغا يۈزلەنگەن. قۇرۇلما، تىل، بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاستىلىرى جەھەتتىن ئۇرقۇن - يەنسەي دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي مېتودىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كېيىنكى دەۋر ئەدەبىياتىغا روشەن تەسىر كۆرسەتكەن، بولۇپمۇ كېيىنكى دەۋردە بارلىققا كەلگەن خەلق قوشاقلىرىدا، ئۇنىڭ قۇرۇلما، تىل، بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاستىلىرى جەھەتتىكى تەسىرى بىر قەدەر زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

بىزگىچە يېتىپ كەلگەن يازما يادىكارلىقلار ئازلا بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىسمۇ، لېكىن بۇ شېئىرلارنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ گۈللەنگەن مەنزىرىسىنى نامايان قىلىپ بېرەلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز بۇنىڭدىن كېيىنكى تەتقىقاتىمىزدا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىمىز، ئىزدىنىشىمىز زۆرۈر.

پايدىلانغان ماتېرىياللار.

1) شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكولتېتى تۈزگەن «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» 2 - قىسىم، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى نەشر قىلغان. 1992 - يىلى 1 - نەشرى.

2) ئىسمائىل تۆمۈرى يازغان «ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 - يىلى 9 - ئاي، 1 - نەشرى.

3) ئا. خوجا، ئى. يۈسۈپ، ت. ئايۇپلار تۈزگەن «قەدىمكى ئۇيغۇرلار يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىلى.

4) «ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1999. 1 - سان، مەريەم ناسىر «قاراخانىلار شېئىرلىرى بىلەن ئىدىقۇت شېئىرلىرىنىڭ شەكىل جەھەتتىكى پەرقلىرى» 99 - بەت.

5) «تۇرپان ئەدەبىيات» ژۇرنىلى 1990. 1 - سان، ئابلىكىم مۇھەممەت «قوچۇ ئىدىقۇت پادىشاھلىقى دەۋردىكى شېئىرلارنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى» 36 - بەت.

(ئاپتور: مايتاغ 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى)

① ئىسمائىل تۆمۈرى «ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 95 - يىل 9 - ئاي 185 - بەت.

② «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 - يىل 9 - ئاي 1 - نەشرى.

③ ئارانىيا - سانسكرىتچە «AranYa» دىن كەلگەن سۆز بولۇپ «ئورمانلىق، ئورمانلىق تاغ» دېگەن مەنىدە.

④ ئارتۇچ سۆگۈت - قارا ئارچا دەرىخىنى كۆرسىتىدۇ.

⑤ ئا. خوجا، ئى. يۈسۈپ، ت. ئايۇپلار تۈزگەن. «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 - يىلى 9 - ئاي 1 - نەشرى. 296 - بەت

⑥ «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 - يىلى. 296 - بەت

⑦ «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 - يىلى. 296 - بەت

⑧ ئىسمائىل تۆمۈرى «ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 - يىل 9 - ئاي، 185 - بەت.

⑨ «ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1999. 1 - سان مەريەم ناسىر «قاراخانىلار شېئىرلىرى بىلەن ئىدىقۇت شېئىرلىرىنىڭ شەكىل جەھەتتىن پەرقلىرى»، 100 - بەت.

⑩ «ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 95 - يىل 9 - ئاي.

⑪ «ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 - يىل 9 -، 194 - بەت.

⑫ «ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1999. 1 - سان، مەريەم ناسىر «قاراخانىلار شېئىرلىرى بىلەن ئىدىقۇت شېئىرلىرىنىڭ شەكىل جەھەتتىكى پەرقلىرى» 104 - بەت.

⑬ «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىلى 9 - ئاي. 306 -، 308 - بەتلەر.

⑭ «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 - يىلى 9 - ئاي. 306 -، 308 - بەتلەر.

⑮ «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» 1983 - يىلى 9 - ئاي 1 - نەشرى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. 299 - بەت.

⑯ «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» 1983 - يىلى 9 - ئاي 1 - نەشرى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. 309 - بەت.

⑰ «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» 1984 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. 299 -، 301 - بەت.

⑱ «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» 1984 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. 299 -، 301 - بەت.

**تەھرىرى: ئابدۇقېيۇم خوجا**



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# بەگلەر ۋە بەگ مەھەللىسى

ھېمىت نىياز

تۇرپان شەھىرىنىڭ شەرق تەرىپىگە تۇتاش يار يېزىسىدا بىر مەھەللە بار، بۇ مەھەللە ئومۇملاشتۇرۇلۇپ «بەگ» مەھەللىسى دەپ ئاتىلىدۇ. شۇنداقلا شەھەر بويىچە بىردىنبىر مۇشۇنداق ئىسىم بىلەن ئاتىلىپ كېلىۋاتقان مەھەللە ھېسابلىنىدۇ.

بۇ مەھەللە تارىختىن بۇيان نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق ئىسىم بىلەن ئاتىلىپ كېلىۋاتىدۇ؟ بەگلەرنىڭ نەسەب تارىخى ۋە ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشى قاچاندىن باشلانغان دېگەن مەسىلىگە پەقەت مەشھۇر ئۇيغۇر تارىخچىسى موللا موسا سايرامى يازغان «تارىخىي ھەمىدى» دېگەن كىتابتىن بۇنىڭ بەزىبىر مەنبەلىرىنى تېپىشىمىز مۇمكىن، كىتاب مەنبەسىدىن قارىغاندا، بەگلەرنىڭ نەسەب تارىخى غەربىي دىياردا بىر مەزگىل دەۋر سۈرۈش بىلەن داڭ چىقارغان ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن تاجاۋۇزچى ياقۇپ بەگ (بەدەۋلەت) نىڭ تۇرپاننى ئىستىلا قىلىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بەگلەر ئەنە شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ پەيدا بولغان بولۇپ، بەگلىك نەسەبى ۋە بەگلىك سۈيۈرغاللىق تۈزۈمى شەكىللەنگەن.

«تارىخىي ھەمىدى» دىن مەلۇم بولۇشىچە «بەدەۋلەت» دەپ نام ئالغان «ياقۇپ بەگ» مۇھەممەت ياقۇپ بەگ ئاتالىق غازى تاشكەنت ۋىلايىتىنىڭ جىمكەنت دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان. قوقان خانلىقىدا قۇشبېگى بولغانلىقى ئۈچۈن «ياقۇپ بەگ قۇشبېگى» دەپمۇ ئاتالغان. مىلادى 1864 - يىلى قىشتا بوزرۇكخان بىلەن قەشقەرگە باستۇرۇپ كىرگەن. قەشقەردە يېڭىسار، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ، ئۈچتۇرپان، كۇچا قاتارلىق جايلارنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىپ «7 شەھەر ھاكىمىيىتى» نى قۇرغان ۋە ئۆزىنى «بەدەۋلەت»، «ئاتالىق غازى» دەپ ئاتىغان. ئاخىرقى ھېسابتا تۇرپان، قۇمۇل، ئۈرۈمچى، ماناس قاتارلىق شەھەرلەرنى بېسىۋېلىپ، پۈتكۈل غەربىي دىيارنى يۇتىۋېلىش مەقسىتىدە 1870 - يىلى قوشۇن تارتىپ تۇرپان ۋە ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىققىدۇ.

قوشۇن باشلاپ كېلىۋاتقان ياقۇپ بەگنىڭ 2 - ئوغلى ھەققۇلى بەگ دەسلەپ قوشۇنلىرىنى تۇرپان بىلەن توقسۇننىڭ ئارلىقىدىكى مول ئوت - چۆپلۈك جاي دادۇڭ دېگەن يەرگە ئورۇنلاشتۇرىدۇ. بۇ يەر شا-

مال - بوراننىڭ ئىغىزى بولغانلىقتىن، ئۇزۇن ئۆتمەي قوشۇننى هازىرقى يار يېزىسىغا يۆتكەپ ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

1870 - يىلدىن 1952 - يىلىغىچە شەھەرنىڭ سېپىل - دەرۋازىلىرى مۇكەممەل ساقلانغان هازىرقى كونا شەھەر (لاۋچېڭ) بازىرى مەۋجۇت بولۇپ، شەھەر ئىچىدە هۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە شەھەرنى قوغدايدىغان چىرىك ئەسكەر قوشۇنلىرى تۇراتتى. هازىرقى يېڭى شەھەر (شىنچېڭ) تېخى شەكىللەنمىگەن قاقاسلىق جاي ئىدى.

ياقۇپ بەگ قوشۇنلىرى كونا شەھەرنى ئېلىش ئۈچۈن شەھەرنى تولۇق 9 ئاي مۇھاسىرىگە ئالدى. قارشىلىق كۈچ زور بولغانلىقتىن ئىككى تەرەپ كۆپ تىركەشتى.

ياقۇپ بەگ قوشۇنلىرى جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئۈرۈمچى ۋە تۇرپانغا يۇپۇرلۇپ كېلىشىدە، بىرىنچىدىن، بۇ جايلارنىڭ يەر شارائىتىنى بىلمەيتتى. ئىككىنچىدىن، ئوزۇق- تۈلۈك ۋە ئات - ئۇلاغلىرىغا يەم - خەشەكتىن كۆپ قىيىنچىلىق تارتتى. ئۈچىنچىدىن، قوشۇن تۇرغۇزۇشقا ئىشەنچلىك، مۇستەھكەم جاي تەييارلاشقا توغرا كېلەتتى.

شۇڭلاشقا ئۇلار ئالدى بىلەن يەرلىك كىشىلەرنىڭ هېسداشلىقى ۋە ئەمەلىي ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشتى. ياقۇپ بەگ قوشۇنلىرى تۇرپاننىڭ مۆتىۋەر ئاقساقاللىرىدىن: ئابدۇقاهار بەگ ۋە خوجا ئابدۇللا بەگلەرنىڭ ئوزۇق - تۈلۈك، يەم - خەشەك ۋە باشقا جەھەتلەردە بەرگەن ياردىمى ۋە مەدىتىگە ئېرىشتى.

ياقۇپ بەگ قوشۇنلىرى بىر تەرەپتىن جىددىي ئوزۇق - تۈلۈك، يەم - خەشەك توپلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن هازىرقى يېڭى شەھەر (شىنچېڭ) ئورنىنى تاللاپ، ئەتراپىغا خەندەك كولاپ، سېپىل سوقۇپ، پوتەي سالدۇرۇپ، غەرب - شەرق تەرەپلىرىگە دەرۋازا بېكىتىپ، مۇكەممەل قوشۇن شەھىرىنى قۇرۇپ چىقتى.

ئابدۇقاهار بەگ، خوجا ئابدۇللا بەگلەر ئەسلى يار يېزىسىلىق كىشىلەر بولۇپ، ياقۇپ بەگ تۇرپاننى ئىستىلا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇلارغا «بەگلىك» مەنسىپىنى ئىنئام قىلغان.

ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ئالىم، شائىر يۈسۈپ خاس هاجىپ يازغان. «قوتادغۇبىلىك» دىن مەلۇم بولۇشىچە «بەگ» دېگەن بۇ ئاتالغۇنىڭ مەنىسى — ئەلنىڭ بېشى، خان، هۆكۈمدار دېگەنلىكتۇر.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بەگلەرنىڭ تۇنجى ئەجدادى ئابدۇقاهار بەگ بولۇپ، بەگلىك نەسەبى ئەنە شۇ كىشىدىن باشلانغان. شۇڭلاشقا بەگلەر ئادەتتە ئۆزلىرىنى «قاهارىيە نەسلى» دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


ئاتايىتتى.

ئابدۇقاھار بەگدىن باشلانغان بۇ بەگلىك نەسەب تۈزۈمى — 1870 ـ يىلدىن، تا شىنجاڭ ئازاد بولغانغا قەدەر داۋاملىشىپ كەلگەن.

ئابدۇقاھار بەگنىڭ نەسەبى تۆۋەندىكىچە:

ئابدۇقاھار بەگنىڭ بۇرۇنقى بوۋىسى قۇرى پالۋان بولۇپ، ئۇنىڭ ئوغلى خۇدانەزەر، ئۇنىڭ ئوغلى خۇدا بەردى. ئابدۇقاھار بەگ ئەنە شۇ خۇدا بەردىنىڭ ئوغلىدۇر.

خۇدا بەردىنىڭ بىر ئۇرۇقى ئابدۇقاھار بەگ، يەنە بىر ئۇرۇقى: زۇنۇن بەگ، باقىر ھاجى، تۆمۈر شاكىيو، پەرھات ئاخۇنۇم، ئاسىپ ئاخۇن.

خۇدا نەزەرنىڭ يەنە بىر ئۇرۇقى ھېسابلانغانلار: نەغمە بەگ، مەھمۇد ھاجى، ھامۇت ھاجى، مىزراپ بەگ، نۇجۇۋۇللا ھاجى، مۇجۇپ ئاخۇن.

ئابدۇقاھار بەگنىڭ 9 ئوغلى بىر قىزى بولۇپ، بۇلار: ئەسلا بەگ، سەدۇللا ھاجى، ئاۋامىسلىم بەگ، ساتتار ھاجى، مۇنۇر بەگ، ئىسكەندەر بەگ، خېلىل قازى ئاخۇنۇم، مۇتەللىپ ھاجى، نەيىم ھاجى، قىزى: ئايىساخان.

ئابدۇقاھار بەگدىن باشلانغان بەگلەرنىڭ نەسەبىنى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن كۆپ ئىزدىنىش ئارقىلىق ھازىر 225 ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ تىزىملىكى قولۇمدا ساقلانماقتا.

ئابدۇقاھار بەگنىڭ 9 ئوغۇل، بىر قىزى بولۇپ، ھەممىسى ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇلارنىڭ نەۋرە، چەۋرە، كۆكۈن نەۋرىلىرىدىن بىر قىسمى ئالەمدىن ئۆتكەن بولسىمۇ، كۆپ قىسمى يەنىلا 7 ـ 8 ـ كەنتلەردە ئۆملىشىپ ياشاپ كەلمەكتە.

## بەگ جەمەتىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئادەتلىرى

بەگ جەمەتى ناھايىتى ئۇيۇشقاقلىق كۆچىگە ئىگە بولۇپ، پۈتۈن يار تەۋەسىدە پەقەت 7 ـ 8 ـ كەنتلەردە ئۆملىشىپ ئولتۇرىدۇ. سىرتتىن كۆچۈپ ئولتۇراقلىشىپ قالغانلار يوق دېيەرلىك، پىسخىك تۇرمۇش ئادىتىدىن ئېيتقاندا، پاكىزە، سىلىق ـ سىپايە، مۇلايىم كېلىدۇ. ئۆي ئىچى ۋە ھويلا ـ ئاراملىرىنى پاكىزە تۇتۇشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ. كىمىر ئۆيلەردە ئولتۇرىدىغان كەمبەغەلرەك كەلگەنلەردىن تارتىپ، تا ئىككى قەۋەتلىك ئايۋانچە ئۆيلەردە ئولتۇرىدىغانلارغىچە ئۆي ئىچىنى ئۆزگىچە بېزەيدۇ. لىمتاق ۋە ئۇيۇق ـ تەكچىلەرنىڭ ئەتراپىغا نەقىش ئويىدۇ. لىمتاقنىڭ ئىككى تەرىپىگە چۆچىلىق ئۆزۈن لۆڭگىلەرنى ئېسىپ قويىدۇ. ئورۇن كۆرپىسىنى لىمتاققا يىغىدۇ. ئۆي ئىچىنى خۇددى ھازىرلا مېھمان كېلىدىغاندەك رەتلىك، پاكىزە تۇتىدۇ. ئادەتتە ھەر-

بىر ئائىلە باغ قىلىشقا ئەھمىيەت
بېرىدۇ. كۆپىنچە ئائىلىلەر بوك ـ
باراقسانلىق، مېۋىلىك باغ ئىچىدە
ئۆي سېلىپ ئولتۇرىدۇ. هويلا ئىچ-
دە گۈل ئۆستۈرۈشكە هېرىسمەن.

بەگ جەمەتى يۇرۇش ـ تۇرۇش
ۋە كىيىم ـ كېچەككە ئىنتايىن ئەھ-
مىيەت بېرىدۇ. ئەرلەر چاچ ـ سا-
قاللىرىنى پاكىزە قىردۇرۇپ يۇرى-
دۇ، قىزلار بولسا چاچلىرىنى ئۇش-
شاق ئۆرمە چاچ قىلىۋالىدۇ. ھەر-
گىز غەلىتە ياسانمايدۇ.

بەگ جەمەتىدە بىر يۇرۇش قات-
تىق تۇرمۇش ئادىتى بولۇپ، بىر ـ
بىرىنى ئىنتايىن ھۆرمەتلەيدۇ،
بىر- بىرىنى سەنلىمەي، ئۆزلىرى،
سىز دەپ ئاتايدۇ. ئۇلار بالىلىرىنى
كىچىكىدىن تارتىپ، ئەدەب ـ ئەخ-
لاقلىق قىلىپ تەربىيىلەيدۇ. كى-
چىكلىرى ئوغۇل بولسا «بەگ-
زادە»، قىزلىرىنى «خېنىم، پو-
جۇڭ» دەپ ئاتايدۇ. ئاتا ـ ئانا بى-
لەن ئوغۇل ـ قىزلىرى، كۈيئو-
غول، كېلىنلىرى ئوتتۇرىسىدا قات-
تىق پەردىشەپ بولىدۇ. بالىلىرى
بىلەن ئۆملىشىپ ئولتۇرغان ئائىلى-
لەردە ھەر ئەتىگىنى كېلىن ـ قىز-
لار چوڭلار ئالدىغا سالامغا كىرىدۇ.

بەگ جەمەتىدە ناشايان ئىشلارغا
يول قويۇلمايدۇ. تاپتىن چىققانلارغا
پۈتۈن جەمەت بىردەك نەپرەت ياغ-
دۇرىدۇ. شۇڭا، بەگ جەمەتىدە
ئوغرىلىق، لوكچەكلىك ۋە باشقا
بولمىغۇر يامان ئادەتلەرنى كۆرگىلى
بولمايدۇ.

بەگ جەمەتى بالىلارنى تەربىيە-
لەشكە بەكمۇ ئەھمىيەت بېرىدۇ. با-
لىلىرىنى دەسلەپتە مەدرىسىگە بې-
رىپ، دىنىي ساۋاتلىق قىلىدۇ،
ئاندىن پەننىي مەكتەپلەرگە بېرىدۇ.
ئازادلىقتىن بۇرۇن بەگ مەھەللى-
سىدىن يۇقىرى مەكتەپلەرگە ئو-
قۇشقا چىققانلارنىڭ نىسبىتى كۆپ-
رەك بولۇپ، كۆپلىگەن زىيالىي-
لار، دىنىي ئالىملار يېتىشىپ چى-
قىپ، ھەر ساھە، ھەر كەسىپتە
نۇرغۇن ئىقتىدارلىق كىشىلەر ئىش-
لەپ، تۆھپە يارىتىپ كەلگەن.

## ئىگىلىك جەھەتتە

بەگ جەمەتى ئاساسەن دېھقانچى-
لىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تىجارەت
بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارمۇ بار.
بۇنىڭدىن باغۋەنچىلىك بىلەن شۇ-
غۇللىنىدىغانلار كۆپرەك. ئازادلىق-
تىن بۇرۇن يار مەھەللىسى باغۋەن-
چىلىكتە نام چىقارغان. بەگ
جەمەتى ئۆملىشىپ ئولتۇرىدىغان
7 ـ 8 ـ كەنتلەردىكى ھەممە ئائىلى-
لەرنىڭ بېغى بولۇپ، ئاساسەن ئۈ-
زۈمنى ئاساس قىلىدۇ. خىلمۇخىل
سورتلۇق ئۆرۈكلەر ئەنە شۇ باغلار-
دىن چىقىدۇ. ھەتتا شەھەر ئاھالى-
سى ۋە باشقا جايلارنى مۇشۇ باغلار
ئۆزىنىڭ داڭلىق، سورتلۇق ئۆرۈك-
لىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش
يىللىرىدا، ئاشلىقنى ئاساس قىلىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



شۇئارى ئاستىدا پۇتكۇل باغلار ۋەيران قىلىۋېتىلگەن بولسىمۇ، يېقىنقى 20 يىلدىن بۇيان دېھقانلار پەيدىنپەي باغ - ئورمان يەرلىرىنى كېڭەيتىپ قۇرۇپ، يار يېزىسىنىڭ باغۋەنچىلىك مەيدانلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە باشلىدى.

## ئۆزگىچە ئىسىم قويۇش ئادەتلىرى

تۇرپان خەلقىنىڭ بالا - چاقىلىرىغا ئىسىم قويۇشى باشقا جايلاردىن ئازدۇر - كۆپتۇر پەرقلەنسىمۇ، ئەمما بەگ جەمەتلىرىنىڭ ئۆز بالىلىرىغا ئىسىم قويۇش ئادىتى ئۆزگىچە بولۇپ كەلگەن. بۇلاردىن مىسال كەلتۈرسەك: ئىنئامىدىن بەگ، ھەققۇللا بەگ، خۇدانەزەر بەگ، ئوشات بەگ، ئەينىزات بەگ، غەنىزات بەگ، مەھرى بەگ، مۇغىنەم بەگ، گۇدۇت بەگ، مەشھۇت بەگ، گاگاپ بەگ، مىتىن بەگ، بەدىردىن بەگ، زىلاۋۇدۇن بەگ، بەدىئوززامان بەگ، سەتىردىن بەگ، قەمەرىدىن بەگ، شەمەردىن بەگ، خانزادە بەگ، نەغەم بەگ، بورھان بەگ، تىللا بەگ، كامالىدىن بەگ، ھىلالىدىن بەگ، مىرغىياسىدىن بەگ، مۇھەممەت بەگ، مىرزاپ بەگ، مۇرتىزا بەگ، مۇستاپا بەگ، شاھمەھرەم بەگ، سۇلتان بەگ، سالاھىدىن بەگ، مۇزاپبەگ، زەينۇللا بەگ قاتارلىقلار بولۇپ، بەگ جەمەتى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق يىللىق تارىخىدا شەكىللەنگەن، ئەنئەنىلىك ئىسىم قويۇش ئادەتلىرىنى ساقلاپ كەلگەن.

ئومۇمەن، بەگ جەمەتىنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرى، ئىسىم قويۇش ئادەتلىرى بىلەن ئادەتتىكى ئاۋامدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

بەگ جەمەتى ئۆز تارىخىدا تۇرپان ۋادىسىدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىختىن بۇيان شەكىللىنىپ كەلگەن ئېسىل تۇرمۇش ئۆرپ - ئادىتى ۋە ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەپ كەلگەن خەلقتۇر.

بىراق «ئاينىڭ يۈزىدىمۇ داغ بار» دېگەندەك، ئەسىرلەر بويى ئۆزىدە يېتىلدۈرۈپ كەلگەن ئېسىل ئەنئەنىلىك خىسلەتلىرىدىن باشقا بەزى نۇقسانلاردىن خالىي ئەمەس. مۇھىمى، ئۆزلىرىنى «بەگ»، «ئاقسۆڭەك» ھېسابلاپ كەلگەن بەگ جەمەتى، ئۆز ئىچىدىلا قۇدىلىشىپ، ياتلارغا قىز ياتلىق قىلىش، قىز ئەكېلىشتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلەپ كەلگەچكە، بەگ جەمەتىدە بالا سۈپەتسىز تۇغۇلۇپ قېلىش، كېسەللىك ئىرسىيەتتىن قۇتۇلالماسلىق ھادىسىلىرى ساقلىنىپ كەلگەن ئىدى. پەقەت ئازادلىقتىن كېيىنلا بۇنداق ئادەتلەر بۇزۇپ تاشلىنىپ، مەھەللىدە باشقىلار بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇرىدىغان ئاتالمىش «يات» لار بىلەن تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەت ئورنىتىدىغان ئادەتلەرنى پەي-

دىنىيەي شەكىللەندۈرمەكتە.

## بەگلەرنىڭ ئىمتىيازلىق هوقۇقى

1870 ـ يىلى ياقۇپ بەگ (بەدۆلەت) ئابدۇللا قاھار بەگكە تۇنجى «بەگلىك» ئەمەلىي ئىنئام قىلىندىن باشلاپ، بەگلىك تۈزۈمى تا ئۆلكە ئازاد بولغانغا قەدەر داۋاملىشىپ كەلدى.

بەگلىك تۈزۈمى سۇيۇرغانلىق تۈزۈمى ئاساسىدا بولۇپ، بەگ ئاقساقاللىرىنى ھۆكۈمەت تەيىنلىمەستىن، ئۆز ئىچىدىن بەگ جەمەتى ئورتاق ئېتىراپ قىلغان، ھۆرمەتكە سازاۋەر بىرەرسىنى بەگ ئاقساقىلى قىلىپ تەيىنلەيتتى. بەگ ئاقساقىلى پۈتۈن ناھىيىنىڭ ھۆكۈمەت، سوت ئورۇنلىرى جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرى، شەرئەت مەھكىمىسى، دىنىي ئىشلارغا ئائىت ئىشلارنى بىجىرگەندىن باشقا، قالغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى مەسىلەن، ئوغرىلىق، بولاڭچىلىق، جېدەل ـ ماجىرالارغا ئوخشاش جەمئىيەت تەرتىپىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى باشقۇراتتى.

بەگ ئاقساقىلىنىڭ مەخسۇس ئوردا ھەرىمى بولۇپ، بىر قانچە ئون نۆكەرلىرى بولاتتى. شۇ دەۋرلەردە ئۆلكە ئەمەلدارلىرىمۇ بۇ بەگ ئاقساقىلىنىڭ ئىمتىيازىنى بىلەتتى ھەم ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلاتتى. شۇڭلاشقا ناھىيىگە ھەر قېتىم شەنگۈەن (ھاكىم) ئالمىشىپ كەلسە، شۇ ھامان ئالاھىدە بەگ مەھەللىسىگە دەبدەبىلىك چىقىپ، بەگ ئاقساقىلىنى يوقلاپ، ئۆزىنىڭ شەنگەن بولۇپ كەلگەنلىكىنى بەگ ئاقساقىلىنىڭ سەمىگە سېلىپ قوياتتى.

بەگ ئاقساقىلى ئۆز ئوردىسىدا قەرەللىك سوراق ئۇيۇشتۇرۇپ، بۇلاڭچى، ئوغرىلارنى، قىمارۋاز، نەشكەش، لۈكچەك، خۇلىگەنلەرنى سوراقتىن ئۆتكۈزۈپ، جازا قوراللىرى بىلەن ئۆز ئالدىغا جازالايتتى. مەسىلەن، بەگ ئاقساقاللىرىدىن ئابدۇقاھار بەگ، ئەسلا بەگ، ئاۋامسىلىم بەگ، مۇتەللىپ بەگ ھاجى، ئاخۇن بەگ ھاجى قاتارلىقلار بىرقەدەر داڭلىق بەگ جەمەت ئاقساقاللىرى بولۇپ، تا ھازىرغىچە بەزى ياشانغان كىشىلەر ئۇلارنىڭ تەرىپىلىرىنى قىلىشىپ كەلمەكتە.

(ئاپتور تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسىنىڭ پېنسىيىگە چىققان كادىرى)

تەھرىرى: ئابلىم قېيۇم

# ئەنگلىيىدە ساقلىنىۋاتقان ۋە تەتقىق قىلىنغان ئۇيغۇرچە يازما يادىكارلىقلار ھەققىدە قىسقىچە بايان

ئەخمەت سەيدۇللا، ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق

1840 - يىلىدىكى ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، چىرىك مەنچىڭ ھۆكۈمىتى كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ بېسىمى بىلەن ھازىرلانغان تەڭسىز شەرتنامىلەر ئاستىدا، ئېلىمىز خەلقى پەيدىنپەي يېرىم مۇستەملىكە ھالەتكە، جۇڭگودىكى ھەرمىللەت خەلقى ھوقۇقسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. بۇ چاغدا، ئەنگلىيە ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، چاررۇسىيىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى جەنۇبقا كېڭەيتىشىنى توسۇشقا كۈچەپ ئۇرۇندى. نەتىجىدە، ئەنگلىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان غەربتىكى جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ ئاتالمىش شىنجاڭ رايونىنى «ئېكسپېدىتسىيە قىلىش» دەۋرى مانا مۇشۇنداق ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا باشلاندى.

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، غەربتىكى جاھانگىر دۆلەتلەر شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ گۆھەر زېمىندا نەچچە مىڭ يىللاپ كۆمۈكلۈك ياتقان بىباھا بايلىقلىرىمىزنى بايقىغاندىن كېيىن، تۈشمۇ تۈشتىن ئاتالمىش ئېكسپېدىتسىيە ئالىملىرىنى، ئەترەتلىرىنى تەشكىللەپ شىنجاڭغا ئەۋەتىپ، كەڭ كۆلەملىك تەكشۈرۈش ۋە ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئېلىپ باردى، ئۇلار قېزىش جەريانىدا شىنجاڭدا ياشىغان قەدىمكى خەلقلەرنىڭ كلاسسىك مەدەنىيىتىگە ئائىت كۆپ خىل تىل - يېزىقتىكى نۇرغۇنلىغان قولىيازمىلىرىنى ۋە نەپىس سەنئەت بۇيۇملىرىمىزنى بايقىدى. شۇنداق قىلىپ، جاھانگىرلارنىڭ ئاتالمىش ئېكسپېدىتسىيە ۋە تەكشۈرۈش ئەترەتلىرى چىرىكلەشكەن مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ يول قويۇشى ئارقىسىدا، ئاشكارا تالان - تاراج قىلىش ۋاستىلىرىنى قوللىنىپ شىنجاڭ (تۇرپان) ۋە دۇنخۇاڭ قاتارلىق جايلاردىن زور مىقداردىكى قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىمىزنى تۈركۈم - تۈركۈملەپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيەت خەزىنىسىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم بىر قىسمى بولغان زور بىر تۈركۈم قىممەتلىك يېزىق ۋەسىقىلىرى ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى غايەت زور زىيانغا ئۇچرىدى.

ئەسلىدە ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزگە مەنسۇپ بولغان بۇ ئۇيغۇرچە مەدەنى-يەت يادىكارلىقلىرىمىز نۆۋەتتە ئەنگلىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە، شۋېتسىيە، رۇسىيە، ياپونىيە، ئا-مېرىكا، ھىندىستان، كورىيە، تۈر-كىيە، ۋېنگرىيە قاتارلىق ئون ئۈچ دۆلەت ۋە رايوننىڭ ئوتتۇز بىر مە-دەنىيەت تەشكىلاتى، مۇناسىۋەتلىك مۇزېي ۋە تەتقىقات ئورنىغا ئوخشاش ئورگانلىرىدا ساقلانماقتا. چەت ئەل ئالىملىرى ئۇزۇندىن بۇيان بۇ مەدە-نىيەت يادىكارلىقلىرىدىن، بولۇپمۇ يازما ھۆججەتلەردىن پايدىلىنىپ كۆپلىگەن تەتقىقات دوكلاتلىرىنى، ئىلمىي ماقالىلەرنى ۋە مەخسۇس ئە-سەرلەرنى ئېلان قىلدى.

يۇقىرىدىكى دۆلەتلەر ئىچىدە ئەنگلىيە ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدىغان دۆلەت ھېسابلىنىدۇ. مۇستەملىكى-چىلىك تارىخىدىن ئالغاندا، ئەنگلى-يە دۇنيا بويىچە نامى پۇر كەتكەن قېرى مۇستەملىكچى. ئۇ 1640 - يىللاردىكى بۇرژۇئا ئىنقىلابىدىن كېيىن، تەسىر دائىرىسىنى شەرققە قاراپ كېڭەيتىپ ھىندىستاننى ئۆزى-نىڭ مۇستەملىكىسى قىلىۋالدى، ھەمدە بۇنىڭ بىلەنلا قالماستىن، تا-جاۋۇزچىلىق نەزىرىنى ھىندىستانغا قوشنا بولغان ئېلىمىزنىڭ شىزاڭ ۋە شىنجاڭ رايونلىرىغا تىكتى.

دەل شۇنداق بولغاچقا، ئەنگلى-يە XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن ئېتى-بارەن ئۆزىنىڭ ئاتالمىش ئېكسپې-دىتسىيەچىلىرى ۋە ساياھەتچىلىرى-نى شىزاڭ، جۇملىدىن شىنجاڭ را-يونىغا كىرگۈزۈشكە باشلىدى، بۇ-لارنىڭ ئىچىدە ئاۋرېل. ستەيىن (Aurel. Stein 1862 — 1943) ئىلگىرى - ئاخىر تۆت قېتىم ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى، بولۇپمۇ شىنجاڭ را-يونىدا ئېكسپېدىتسىيە ئېلىپ بې-رىپ، سان جەھەتتە غايەت زور بول-غان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قولغا چۈشۈردى. ستەيىن قاتارلىق-لار ئېلىپ چىقىپ كەتكەن كۆپ مىقداردىكى قەدىمكى ئۇيغۇرلارغا ئا-ئىت قىممەتلىك ھۆججەتلەر ۋە مەدە-نىيەت يادىكارلىقلىرىمىز ئەنگلىيە-نىڭ لوندون شەھىرىدىكى بۈيۈك برىتانىيە مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ.

1890 - يىلى ئەنگلىيىلىك مىلادشى لېيتنانت ھەربىي ئەمەلدا-رى بوۋېر (Bower) شىنجاڭنىڭ كۇچا ناھىيىسىگە كېلىپ شۇ يەردى-كى ئىككى ئۇيغۇر دېھقاننىڭ قولىدا قېيىن دەرىخىنىڭ قوۋزىقىغا پۈتۈل-گەن قوليازمىنىڭ ساقلىنىۋاتقان-لىقىدىن خەۋەر تاپتى ۋە ئۇنى سې-تىۋېلىپ ھىندىستاندىكى كالكۇتتا شەھىرىگە ئاپىرىپ بەردى. ئۇ يەردە تەتقىق قىلىنىش ئارقىلىق، بۇ قول-يازما ھازىرغا قەدەر تېپىلغان ئەڭ قەدىمكى سانسكرىتچە قوليازما بو-لۇپ، مىلادى IV ئەسىرگە تەئەللۇق ئىكەنلىكى بېكىتىلدى. بۇ تەتقىقات نەتىجىسى شۇ چاغدىكى ياۋروپا ئە-لىم ساھەسىنى زىلزىلىگە سالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ستەيىن بوۋېرنىڭ بۇ بايقىشىدىن ئىلھاملىنىپ، ئەنگلىيىنىڭ ھىندىستاندا تۇرۇشلۇق ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا، 1900 ـ، 1901 ـ يىللىرىغىچە تۇرپاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى بوستانلىقلاردا ۋە خوتەن رايونىدا تۇنجى قېتىم سىستېمىلىق ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇنىڭ شۇ قېتىملىق پائالىيىتى تارىختا «ستەيىنىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىرىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىسى» دەپ ئاتالدى.

ستەيىن ئەپەندى 1902 ـ يىلى گېرمانىيىنىڭ ھامبۇرگ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا شەرقشۇناسلىق يىغىنىدا، خوتەن رايونىدا قولغا چۈشۈرۈلگەن زور مىقداردىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ۋە ئۇيغۇرچە قەدىمكى ھۆججەتلەرنى كۆرگەزمە قىلدى. ئۇ ئۇزاق ئۆتمەي، شۇ قېتىمقى بايقاش ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرىنى «قەدىمكى خوتەن» دېگەن نام بىلەن چوڭ ھەجىملىك مەخسۇس ئەسەر قىلىپ نەشر قىلدۇردى.

ستەيىن ئەپەندى 1900 ـ يىلىدىن 1916 ـ يىلغىچە جەمئىي تۆت قېتىم «ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيىسى» نى ئېلىپ باردى. 1940 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا، يەنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا بەشىنچى قېتىملىق ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيىسىنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئاتلاندى ۋە 81 يېشىدا «ئېكسپېدىتسىيە» سەپىرى ئۈستىدە جان ئۈزدى. ستەيىن ئەپەندى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ۋە دۇنخۇاڭدىن ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ 24 ساندۇق مەدەنىي يادىكارلىق، قولىيازما ھۆججەتلەر ۋە چوڭ بەش ساندۇق قەدىمكى دەۋر كەشتىسى ۋە رەسىمى قاتارلىق قىممەتلىك بۇيۇملارنى ئېلىپ كەتتى. نۆۋەتتە، بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىمىز لوندوندىكى بۈيۈك بىرىتانىيە مۇزېيى بىلەن بۈيۈك بىرىتانىيە كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇلاردىن ھازىرغا قەدەر تەتقىق قىلىنغان، ئاشكارا ئېلان قىلىنغان ياكى كۆرگەزمە قىلىنغان يازما ھۆججەت ھەم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بۈيۈك بىرىتانىيە مۇزېيى بىلەن بۈيۈك بىرىتانىيە كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان ئېلىمىز ئۇيغۇرلىرىغا ئائىت ئومۇمىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ئىنتايىن ئاز بىر قىسمىنىلا تەشكىل قىلىدۇ، كۆپ قىسمى بولسا ئاشۇ مۇزېي بىلەن كۇتۇپخانىنىڭ بىخەتەر ساندۇقلىرى ياكى كىتاب ساقلاش بۆلۈملىرىدە داۋاملىق ساقلىنىۋاتىدۇ.

بۈيۈك بىرىتانىيە مۇزېيى (British Museum) دىكى شەرق قولىيازما ـ نەشر نۇسخىلىرى بۆلۈمى (British Meuseum the Department of Orhental (Printed Books and Manuscripts دە شىن-

جاڭدىن قېزىۋېلىنغان ئۇيغۇر تارىخىغا ئالاقىدار كۆپ مىقداردىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە قولىيازما ھۆججەتلەر ۋە خەنزۇچە، قەدىمكى خوتەنچە، سانسكرىتچە، سوغدىچە تىللاردىكى قولىيازمىلار ۋە باشقا ھۆججەتلەر ساقلىنىۋاتىدۇ. 1953 ـ يىلى ياپونىيە ئالىمى ياماموتو (山本达郎) ئەپەندى شىنجاڭ رايونىغا مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلەرنىڭ ياۋروپانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ساقلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرگەندىن كېيىن، ياپونىيىدە چىقىدىغان «تارىخشۇناسلىق ژۇرنىلى» (62 ـ، 64 ـ سانلىرى) دا «ياۋروپا، ئامېرىكا، يىراق شەرق تەتقىقات خەۋەرلىرى» سەرلەۋھەلىك ئىلمىي ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، ياۋروپا ـ ئامېرىكا قىتئەلىرىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر ئۇيغۇر تارىخىغا ئالاقىدار ھۆججەتلەرنىڭ ساقلىنىش ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى.

بۇ يەردە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بولغىنى شۇكى، 1973 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى بۈيۈك برىتانىيە مۇزېيى ئىككىگە بۆلۈپ ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغانلىقىنى، يەنى بۈيۈك برىتانىيە مۇزېيى (British Museum) ۋە بۈيۈك برىتانىيە كۇتۇپخانىسى (British Library) قۇرۇلغانلىقىنى رەسمىي ئېلان قىلدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئىلگىرى برىتانىيە مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان كىتاب، ھۆججەت، قولىيازما قاتارلىق يېزىق ۋەسىقىلىرىمىز ئايرىپ، بۈيۈك برىتانىيە كۇتۇپخانىسىدا ساقلاندى. نەچچە ئون يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇرلارغا تەئەللۇق بولغان بۇ بىباھا تارىخىي ھۆججەتلەرنى پەقەت ياۋروپا، ئامېرىكا ئالىملىرى، بولۇپمۇ ئەنگلىيە ئالىملىرى ئۆز ئالدىغا تەتقىق قىلدى ۋە پايدىلاندى. ئۇلار ھازىرغا قەدەر بۇ توغرۇلۇق ناھايىتى كۆپ تەتقىقات دوكلاتلىرى ۋە مەخسۇس ئەسەرلەرنى ئېلان قىلدى.

بۈيۈك برىتانىيە كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان تۇرپانغا مۇناسىۋەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ تەتقىق قىلىنىش ۋە ئاشكارا ئېلان قىلىنىش ئەھۋالىغا ئاساسەن چوڭ ئىككى تۈرگە ئايرىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ: بۇنىڭ بىر تۈرى، ئىنتايىن مۇھىم ۋە قىممەتلىك بولغان قەدىمكى دەۋر سەنئەت بۇيۇملىرىمىز؛ يەنە بىر تۈرى، ئوخشىمىغان تىل ـ يېزىقتىكى مىقدارى ناھايىتى كۆپ بولغان قولىيازما ۋە ھۆججەتلەر (گېرمانىيىلىك تەتقىقاتچى لېكوكنىڭ «شىنجاڭنىڭ يەر ئاستىدىكى بىباھا گۆھەرلىرى» «Bericht uber Reisen und Arbeit in chines Turkistan» دېگەن ئەسەردە ئېيتىلىشىچە، ئون يەتتە خىل تىل ۋە يىگىرمە تۆت تۈرلۈك يېزىقتا) دۇر.

شىنجاڭ رايونى، جۈملىدىن تۇرپان ۋە تارىم ئويمانلىقىدىكى قە-

www.uyghurkitap.com



دىمكى دەۋر خارابىلىرىدىن قېزىۋې-
لىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى
گەرچە چەت ئەل ئالىملىرى تەتقىق
قىلىشۋاتقىنىغا بىر ئەسىردىن ئاشقان
ۋە ئۇلاردىن ناھايىتى ئاز بىر قىسمى-
مىنى تەتقىق قىلىپ ئېلان قىلغان
بولسىمۇ، لېكىن ستەيىن قاتارلىق-
لار ئېلىپ چىقىپ كەتكەن ئۇيغۇر-
لارنىڭ قەدىمكى يېزىقلىرى، مەدە-
نىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ بايقىلىشى
ۋە تەتقىق قىلىنىشى جۇڭگو بىلەن
غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش
تارىخى، تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبى
ئېتەكلىرىدىكى بوستانلىقلاردا ياشىغان
قوۋملەر ـ خەلقلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئا-
دەتلىرى، دىنلار، تىللارنىڭ تەرەق-
قىياتى ھەم تارىخ ئۆزگىرىشىنى
چوڭقۇر چۈشىنىش ۋە تەتقىق قى-
لىشقا قارىتا ناھايىتى چوڭ تەسىر
كۆرسەتتى، بولۇپمۇ شىنجاڭ رايو-
نىدا قەدىمكى دەۋرلەردە قوللىنىل-
غان كۆپ خىل تىللارنىڭ بايقىلىشى
ۋە تەتقىق قىلىنىشى، قەدىمكى ئۇي-
غۇر تىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇر-
غۇن «ئۆلگەن» تىللارنىڭ يېشىلى-
شى تىلشۇناسلىق ساھەسىدە بۆسۈش
خاراكتېرلىك نۇرغۇن مۇھىم كەش-
پىياتلارنى مەيدانغا كەلتۈردى.

ستەيىن ئەپەندى خوتەن رايونى-
دا قېزىۋالغان زور مىقداردىكى قە-
دىمكى دەۋر ھۆججەتلىرىدىكى ھەر-
خىل تىللار بىزگە تىلشۇناسلىق سا-
ھەسىدىكى نۇرغۇن سىرلارنى ئې-
چىپ بېرىش جەھەتتە ئالاھىدە قىم-
مەتكە ۋە ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇنىڭ-
دىن باشقا، بۈيۈك برىتانىيە مۇزې-
يىدا ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ
قەدىمكى ھۆججەتلىرىنىڭ شەكلى ۋە
ماتېرىياللىرى خىلمۇخىل. ماتېرى-
يال جەھەتتە ياغاچ پۈتۈك، قېيىن
قوۋزىقى، ياپراق (يوپۇرماق)، تې-
رە، قەغەز ۋە يىپەك قاتارلىقلار
ئىشلىتىلگەن؛ شەكىل جەھەتتە ئو-
رام، چاتلىق شەكىل قاتارلىقلار
قوللىنىلغان؛ يېزىق شەكلىدىن قا-
رىغاندا، براخمان يېزىقى، سوغدى
يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى،
خەنزۇ يېزىقى، مانى يېزىقى، سۇ-
رىيە يېزىقى، ئەرەب يېزىقى، غەربى
شىيا يېزىقى، باسپا يېزىقى قاتارلىق-
لار ئىشلىتىلگەن؛ تىل جەھەتتىن
ئالغاندا، سانسكرىت تىلى، قەدىمكى
خوتەن تىلى يەنى قەدىمكى خوتەن
ساك تىلى، قەدىمكى كۇچا تىلى،
قەدىمكى قاراشەھەر ـ ئىدىقۇت تى-
لى، سوغدى تىلى، خەنزۇ تىلى،
قەدىمكى سۇرىيە تىلى، قەدىمكى
ئۇيغۇر تىلى، ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر
پارس تىلى، ئارساك تىلى (پارپىيە
تىلى)، پارس تىلى، ئەرەب تىلى،
موڭغۇل تىلى، غەربى شىيا تىلى،
تىبەت تىلى قاتارلىقلار قوللىنىل-
غان.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، شىن-
جاڭ رايونىنىڭ ئىجتىمائىي، تارى-
خىي ئۆزگىرىشى ۋە قەدىمكى دەۋر-
دىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ، تىل،
دىن قاتارلىق تەرەپلىرىگە مۇناسى-

ۋەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقى، يازما ھۆججەتلەر قاتارلىق ماتېرىيال-لىرى بۈيۈك برىتانىيە مۇزېيى بى-لەن بۈيۈك برىتانىيە كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىپ تۇرغاندىن باشقا، ئۇي-غۇرلارنىڭ تارىخىغا ئائىت يەنە نۇر-غۇن قىممەتلىك يېزىق ۋەسىقىلە-رى، بولۇپمۇ XIX ئەسىردىكى ئۇي-غۇر جەمئىيىتى ۋە تارىخىغا ئائىت ناھايىتى قىممەتلىك ھۆججەت-لەر ئەنگلىيىنىڭ ھىندىستان ئىش-لىرى مەھكىمىسى كۇتۇپخانىسى (India offise Library) دا ساقلىنى-ۋاتىدۇ. مەزكۇر كۇتۇپخانىدا ساق-لىنىۋاتقان يازما يادىكارلىقلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتچىلىرىغا تېخى مەلۇم بولمىغان تارىخىي ھۆججەت-لەرنى، يەنى خەت - چەكلەر ۋە قولىيازما ئەسەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئا-لىدۇ. بۇلاردىن مۇھىم بولغانلىرى تۆۋەندىكى ئەسەرلەر:

(1) «ياقۇپ بەگدىن ئىلگىرى قەشقەرىيىنى ئىشغال قىلغان سىدىق بەگ ھەققىدە رىۋايەت»، بۇ ئەسەر قەشقەرلىك مىرزا. خېلىل. ھادىن ئاخۇن تە-رىپىدىن 1865 - يىل 10 - ئاينىڭ 4 - كۈنى يېزىلغان، جەمئىي 28 بەت. بۇ ئەسەردە ئاساسەن تارىختا ئۆتكەن قىرغىز مىللىتى قىپچاق قەبىلىسى-نىڭ باشلىقى سىدىق بەگنىڭ قەبى-لىلەرنى باشلاپ مەنچىڭ ھۆكۈمىتى-گە قارشى تۇرۇش يولىدا ماڭغانلى-قىدەك قىسقا، ئەمما ئەگرى - تو-قاي جەريانى بايان قىلىنىدۇ. مەز-كۇر ھۆججەت ئاپتورنىڭ ئىسمىغا ئاساسەن، ئۇنى قەشقەرنىڭ قازىسى بولغان بولۇشى مۇمكىن دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ. ئەنگلىيە بۇ ھۆج-جەتنىڭ قولىيازمىسىنى 1894 - يى-لى مەزكۇر كۇتۇپخانىغا قويغان. يا-پونىيىلىك مەشھۇر ئۇيغۇرشۇناس خامادا ماسامى ئەپەندى 1983 - يى-لى مەزكۇر كۇتۇپخانىدىن بۇ ئەسەر-نىڭ نۇسخىسىنى قولغا چۈشۈرۈپ، تەتقىقات نەتىجىسىنى ياپونىيىدە چى-قىدىغان «شەرق ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 55 - سانى (1983 - يىلى) دا ئېلان قىلدى. خامادا ماسامى ئە-پەندىنىڭ تەتقىقات دوكلاتىغا ئاساس-لانغاندا، «مەزكۇر كىتابتىكى بەزى ۋەقەلەرگە دائىر خاتىرىلەر باشقا تا-رىخىي ماتېرىياللاردا كۆزگە چېلىق-مايدۇ» . بۇنىڭدىن كۆرۈۋشكە بولى-دۇكى، سىدىق بەگ رىۋايەتلىرىگە دائىر بۇ قولىيازما يېقىنقى زامان ئۇيغۇر جەمئىيىتى ۋە مەنچىڭ ھۆ-كۈمىتىگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان قوزغىلاڭلارنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا خېلى يۇقىرى پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

(2) «قۇتۇلدۇرۇش تەزكىرى-سى»، ئاپتورى قاراشەھەر رايونىدا ياشىغان داۋۇت خەيرۇللا دېگەن كى-شى، بۇ كىتاب 1865 -، 1866 - يىللار ئارىلىقىدا تاماملانغان. جەم-ئىي 73 بەت. بۇ، 1864 - يىلىدى-كى ئىلى قوزغىلىڭىغا دائىر قوزغى-

www.uyghurkitap.com



لاڭ ئىشتىراكچىسى بولغان بىر
ئۇيغۇر تەرىپىدىن يېزىلغان تارىخىي
كىتاب بولۇپ، مۇھىم تارىخىي ما-
تېرىياللىق قىممەتكە ئىگە. كىتاب-
نىڭ ئاپتورى ئىسلام مۇرىتى بول-
غاچقا، ئەسەر مۇسۇلمان ئاممىسىنى
غازاتقا دەۋەت قىلىشتەك دىنىي چا-
قىرىق بىلەن تولغان، شۇنداقلا قوز-
غىلاڭچىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى
دىنىي مەزھەپ، ھوقۇق تالىشىش
قاتارلىق سەۋەبلەر پەيدا قىلغان ئۆز-
ئارا قىرغىنچىلىق ۋە ئۆچمەنلىشىش-
تەك پاسسىپ تەرەپلەرمۇ بايان قى-
لىنغان. ئاپتور بۇ ئارقىلىق دىنىي
كاتتىۋاشلارنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇ-
قىنى تالىشىپ قوزغىلاڭنى ئايىنتى-
ۋەتكەنلىكى ۋە مەغلۇپ بولۇشقا ئې-
لىپ بارغانلىقىدەك ئېچىنىشلىق ئا-
قىۋەتنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ،
مۇھىم ۋە يېڭى مەزمۇنلار بىلەن تە-
مىن ئېتىدىغان تارىخىي ماتېرىيال
بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

(3) «زەپەرنامە»، بۇ ئەسەر
تەخمىنەن 1867 ـ، 1868 ـ يىل-
لىرى ئارىلىقىدا يېزىلغان، جەمئىي
95 بەت. ئاپتورى مۇھەممەت ئەلى-
خان كەشمىر دېگەن كىشى. بۇ ئى-
سىمدىن قارىغاندا، ئاپتور ئىلى را-
يونىدا چىڭ سۇلالىسىغا قارشى پائا-
لىيەتلەرگە قاتنىشىپ، كېيىن
كەشمىر رايونىغا قېچىپ بېرىپ،
مەزكۇر ئەسەرنى يازغانلىقى مەلۇم.
ياپونىيىلىك ئۇيغۇرشۇناس خامادا
ماسامى ئەپەندى يۇقىرىقى كۆتۈپخا-
نىدىن بۇ قولىيازمىنىڭ نۇسخىسىنى
قولغا چۈشۈرۈپ تەتقىقات دوكلاتىنى
ياپونىيىدە ئېلان قىلدى. كىتاب
ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر شېئىرىيەت شەك-
لى بىلەن قولدىن چىققان بولۇپ،
مەنچىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بولغان نا-
رازىلىق، غەزەپ ـ نەپرەت ۋە لەنەت-
لەر بىلەن تولغان، شۇنداقلا ئۇيغۇر
يۇقىرى قاتلام ئەربابلىرى ئارىسىدى-
كى ھوقۇق ۋە مەنپەئەت تالىشىش
ھەرىكەتلىرىنى ئەيىبلەشمۇ نەزەر-
دىن سىرت قالدۇرۇلمىغان.

(4) «ياقۇپ بەگ ھەققىدە رى-
ۋايەتلەر»، ئاپتورى مىرزا. بى،
ھىجرىيە 1294 ـ يىلى يەنى مىلادى
1877 ـ يىلى يېزىلغان، 1898 ـ
يىل 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن
12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىگىچە كۆچۈ-
رۈلگەن، جەمئىي 20 بەت. كىتاب-
نىڭ ئاپتورى مىرزا. بى، ياقۇپ
بەگنىڭ كاتىبات مەھكىمىسىدە ئىش-
لىگەن. شۇڭا كىتابنىڭ باش قىسى-
مىدىكى سەككىز بېتىدە ئاساسەن يا-
قۇپ بەگ ھاكىمىيىتىنىڭ قۇرۇل-
مىسىغا دائىر مۇھىم ئەھۋاللار نەس-
رىي شەكىلدە بايان قىلىنغان. توق-
قۇزىنچى بەتتىن باشلاپ ياقۇپ بەگ-
نىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىپ ئۈرۈم-
چى ۋە تۇرپاننى ئالغانلىقىنىڭ قىس-
قىچە جەريانى نەزمىي شەكىل بىلەن
بايان قىلىنغان. ئاخىرقى ئىككى
بەت سەھىپە مەنچىڭ قوشۇنى بىلەن
ياقۇپ بەگ ئوتتۇرىسىدا بولغان ئۇ-
رۇش ۋە غەربىي رايوندىكى ھەرقايسى

جايلارنىڭ قايتۇرۇۋېلىنىشىغا دائىر ئەھۋاللارنى بايان قىلىشقا ئاجرىتىلغان. بۇ تارىخىي ماتېرىياللار ياقۇپ بەگنىڭ شىنجاڭ رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدىكى تارىخنى تەتقىق قىلىشتا بەلگىلىك پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

(5) «تارىخ جەرىدەئى جەدىدە» («تارىختىن يېڭى خاتىرىلەر»)، قولىيازمىسى 1893 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى كۆچۈرۈلگەن، جەمئىي 74 بەت. ئاپتورى قۇربان. ئەلى. خالىدى (تاتار)، بۇ ئەسەر 1886 ـ، 1887 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا يېزىلغان. بۇ، خاس تارىخ ياكى تارىخقا دائىر ئەسەر ئەمەس، بەلكى تۇرپان رايونىنى مەركەز قىلغان مۇقەددەس جايلارغا يول باشلىغۇچى رىسالىدىن ئىبارەت، بۇنى ئاپتورنىڭ تۇرپان رايونىدا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىدىن قالدۇرغان خاتىرىسى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. بۇ كىتابنىڭ كېيىنكى بۆلىكىنىڭ باش قىسمىدا شەنشى ـ گەنسۇ ۋە شىنجاڭدىكى تۇڭگانلار (خۇيزۇلار) قوزغىلاڭلىرى توغرۇلۇقمۇ ئاز ـ تولا خاتىرىلەر بار.

(6) «ناقساپنامە»، ئەسلى نۇسخا بۈيۈك برىتانىيە كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇ ئەسەر 1874 ـ يىلى يېزىلغان، جەمئىي 107 بەت، ئاپتورى ئابدۇل. ئەلا. بىن. سەئىد بولۇپ، پارس تىلىدا يېزىلغان. ئاپتور ياقۇپ بەگكە ئەگىشىپ قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن، ياقۇپ بەگنىڭ قول ئاستىدا فرونت قوماندانى بولۇپ ئىشلىگەن. ئومۇمەن، ئاپتور بۇ ئەسەردىكى بايانلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، بۇ ھال مەزكۇر ئەسەرنى ناھايىتى يۇقىرى تارىخىي ماتېرىياللىق قىممەتكە ئىگە قىلغان. ئەلۋەتتە، ئاپتور ياقۇپ بەگكە تولۇق ئىشىنىپ كەتكەن گېنېرال بولغاچقا، تەبىئى ھالدا ياقۇپ بەگنىڭ ھارام ئىشلىرىغا دائىر تەرەپلەرنى دېگۈدەك ياقلىغان.

(7) «غازات دەر مۇسلىمىن» («مۇسۇلمانلارنىڭ غازىتى»)، بۇ ھۆججەتنىڭ ئاپتورى ئېنىق ئەمەس. ئەنگلىيىلىك ئالىم لوئىس قەشقەردە قولىيازمىسىنى قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن، ئۆزى تۈزگەن «قەشقەرىيىنىڭ ئۈچ خىل تۈركىي يېزىقتىكى قولىيازمىلىرى» دېگەن كىتابىغا كىرگۈزۈپ 1908 ـ يىلى ئەتراپىدا لاھۇردا نەشر قىلدۇرغان.

بۇ ئەسەرنىڭ مۇھىم قىممىتى ـ ئۇنىڭدا ياقۇپ بەگنىڭ لوندون، ئىستانبۇلغا ئەلچى ئەۋەتكەنلىكىگە دائىر ئەھۋاللار ۋە ئەنگلىيە فورسىس (forsyth) ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ قەشقەرگە كەلگەنلىكىدەك ئىشلار خېلى تەپسىلىي بايان قىلىنغانلىقىدا.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۇيغۇر ئاپتورلار يازغان تارىخىي ھۆججەتلەردىن باشقا، بۈيۈك برىتانىيە

www.uyghurkitap.com



كۈتۈپخانىسى بىلەن لوندون ھىنددىستان ئىشلىرى مەھكىمىسى كۈتۈپخانىسىدا يەنە ياۋروپا ۋە ئامېركىلىق ئالىملار ئاشۇ ئۇيغۇرچە يازما يادىكارلىقلاردىن پايدىلىنىپ يازغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي، تارىخى، مەدەنىيىتى، دىنى قاتارلىق تەرەپلەرگە مۇناسىۋەتلىك زور مىقداردىكى تەتقىقات ئەسەرلىرى ۋە مەخسۇس ئەسەرلەر بار. ئاخىرىدا، تەتقىقاتچىلارنىڭ ئىزدىنىپ كۆرۈشى ھەم تەتقىقاتىغا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن، بۈيۈك برىتانىيە كۈتۈپخانىسىدىكى يازما يادىكارلىقلىرىمىزنىڭ نومۇرى، ھۆججەتلەرنىڭ يېزىلغان دەۋرى ۋە كىتابلارنىڭ نامىنى ئىنگلىزچە ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە يەنى كىتابلارنىڭ ئەسلىدىكى نامى بىلەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم ھۆججەتلەرنىڭ مۇندەرىجەسىنى تۆۋەندىكىدەك كۆرسىتىشكە بولىدۇ:

British Library, Oriental and India office Colletions

L/P&S/10/55, File 2359/1904, chinese Turkestan, 1904 — 16.

L/P&S/10/241, File 895.896/1912, China Revolution; Kashgar, 1912

L/P&S/10/330, File 124/1913, Chinese Turkestan, 1910 — 15

L/P&S/10/825, File 2273/1919, Kashgar; monthly diaries, 1912 — 20

L/P&S/10/950, File 8926/1920, Central Asia; Bokharan affairs 1920 — 29

L/P&S/10/976, File 1743/1921, Kashgar diaries, 1921 — 30

L/P&S/12/2342, Coll 12/3, Kashgar Annual Reports 1922 — 1931

L/P&S/12/2344, Coll 12/15, Missionaries: Swedish mission

L/P&S/12/2346, Coll 12/17, Trade: development of trade with India

L/P&S/12/2354, Coll 12/21, Trade reports 1928 — 1939

L/P&S/12/2357, Coll 12/24, Internal situation 1937 — 1938

L/P&S/12/2358, Coll 12/24, Internal situation 1938 — 1940

L/P&S/12/2359, Coll 12/24, Internal situation

L/P&S/12/2360, Coll 12/24, Internal situation

L/P&S/12/2361, Coll 12/24, Internal situation (kashgar Reports)

L/P&S/12/2380, Coll 12/40, Customs duties on imported goods

L/P&S/12/2387, Coll 12/46, General Mahmud former Turki leader
L/P&S/12/2398, Coll 12/55, Proposals relating to education
L/P&S/12/2401, Coll 12/58, Textile industy: supply of nachinary, etc.
L/P&S/12/2403, Coll 12/60, Trade with India
L/P&S/12/2404, Coll 12/61, Fo internal memorundum
L/P&S/12/2405, Coll 12/62, Reports of HM Consul Urumchi
Ms. OR. 5332 Tale of Ahmad beg and Yusuf beg
Ms. OR. 5337 A historical note relating to Kashgar (17—18C)
Ms. OR. 5338 Tazkira — i Khwajagan
Ms. OR. 8156 Tarikh — i Sigari
Ms. OR. 8161 Tazkireh of Bughrahan
Ms. OR. 8162 Hidayat Nama
Ms. OR. 9229 Tazkire (19C)
Ms. OR. 9230 Tazkire [Durr (or Durar?) al — mazhar]
Ms. OR. 9231 Tazkire (1901)
Ms. OR. 9232 Masnavi to Yusuf Kadir Khan of Kashgar (18—19C)
Ms. OR. 9660 Tazkire tal — Jahan
Ms. OR. 9662 Tazkire [Durr (or Durar?) al — mazar]
O/C14456. h. 19 Tazkire — i Khwajagan (ed. by shaw, R. B, Calcutta, 1876—77)

ئۇنىڭدىن باشقا، بۈيۈك بىرىتانىيە مۇزېيىدا بەزى قولىيازما ئەسەرلەر ۋە ھۆججەت ـ ماتېرىياللار داۋاملىق ساقلانماقتا:

1) بۈيۈك بىرىتانىيە مۇزېيى:

Oriental 9662 Tazkira — i Azizan
Oriental 5338 Tazkira — i Azizan
Oriental 157 Tarikh — i Rashidi
Oriental 212 Rashahat — i ain al—hayat
Oriental 8156 Tarikh — i sigari
Oriental 8162 Hidayat Nama
Oriental Add. 24090 Tarikh — i Rashidi

2) بۈيۈك بىرىتانىيە كۈتۈپخانىسىنىڭ ھىندىستان ئىشلىرى مەھكىمىسى كۈتۈپخانىسى:

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى uyghurkitap.com



India office Library
* I. O. 39 Tarikh — i Rashidi
* I. O. 705 Rashahat — i ain al hayat
* I. O. 2225 Rashahat — i ain al hayat
* I. O. 3735?
* I. O. 3845?

3) لوندون ئۇنىۋېرسىتېتى:
SOAS تەتقىقات مەركىزى

لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا شەرق تەتقىقات مەركىزى (Centre of Near and Middle Eastern Studies) بىلەن يىراق شەرق ۋە ئافرىقا تەتقىقات مەركىزى (SOAS: School of oriental and African Studies) يەنى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئېلىمىزنىڭ غەربىي رايونى، يەنى شىنجاڭغا مۇناسىۋەتلىك تەتقىقات جەھەتتە كۈنسايىن جانلاندى، خەلقئارا ئىلىم ساھەسىدىمۇ بەلگىلىك تەسىر پەيدا قىلدى. لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ SOAS تەتقىقات مەركىزىمۇ ئېلىمىزدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، تىل ـ يېزىق ۋە دىنىي ئېتىقادى قاتارلىق تەرەپلەرگە مۇناسىۋەتلىك كۆپلىگەن ھۆججەت ـ ماتېرىياللارنى ساقلىماقتا.

بۇ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ SOAS تەتقىقات مەركىزىدىكى پروفېسسور بېيلى 贝利 خوتەن رايونىدىن قېزىۋېلىنغان خوتەن يېزىقىدىكى ھۆججەت ـ ماتېرىياللارنى ئۇزۇن مەزگىل تەتقىق قىلدى. پروفېسسور بېيلىنىڭ خوتەن يېزىقىدىكى ھۆججەتلەرنى تەتقىق قىلىش ۋە رەتلەش جەھەتتىكى نەتىجىسى قالتىس بولۇپ، ناھايىتى زور قىممەتكە ئىگە نۇرغۇن تەتقىقات نەتىجىسىگە ئېرىشتى. بۇ ئارقىلىق ئەنگلىيە، فرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋە خوتەن يېزىقىدىكى ھۆججەتلەر تەتقىقاتىنىڭ ئىلگىرى سۈرۈلۈشىگە قارىتا مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشتى.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

«مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى» 1994 ـ يىل 4 ـ سان (خەنزۇچە) 43 ـ بەت.

«ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى يېزىقلىرى ۋە قەدىمكى ھۆججەتلىرى توغرىسىدا مۇقەددىمە» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى (خەنزۇچە)، 36 ـ بەت.

«ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتى توغرىسىدا تەتقىقات» مىللەتلەر نەشرىياتى 1995 ـ يىل 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى (خەنزۇچە) 196 ـ بەت.

(ئاپتورلار: ئەخمەت سەيدۇللا ــ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇل-تېتىنىڭ لېكتورى.
ئەركىن ئىمىنىيازقۇتلۇق ــ ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىنىڭ كاندىدات ئالىي مۇھەررىرى)

تەھرىرى: ئابلىم قېيۇم

# ماقالە قوبۇل قىلىش ئېلانى

«تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقات» ژۇرنىلى شىنجاڭ تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان يېرىم يىللىق ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى ساھەسىدىكى ئىلمىي ژۇرنال.

ژۇرنىلىمىز پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 15 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، دېڭ شياۋ-پىڭ نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىدۇ. پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى كەڭ خەلق ئاممىسىغا تەشۋىق قىلىپ، كەڭ خەلق ئامما-سىغا مەنىۋى ئوزۇق ئاتا قىلىدۇ.

ژۇرنىلىمىز ئۆزىنىڭ كەسپىي ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، مەملىكەت-نىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تارىخ، مەدەنىيەت، دىن، ھەربىي ئىشلار، مىللەتشۇناسلىق، ئارخېئولوگىيە، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا ئائىت ھەرخىل تەتقىقات ماقالىلىرىنى، تونۇشتۇرۇش ماقالىلىرىنى قوبۇل قى-لىدۇ ھەم تەتقىقاتچىلىرىمىزغا بەس - مۇنازىرە مەيدانى ھازىرلاپ بېرى-دۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن كەڭ مۇشتەرىلەرنىڭ مۇشۇ ھەقتىكى ماقالى-لەرنى ئەۋەتىپ، خىزمەتلىرىمىزنى قوللىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

**ژورنال تەھرىر ھەيئىتى**

ئابدۇلجېلىل تۇران كۈتۈپخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
Abdulcelil Turan Kütüphanesi
www.uyghurweb.net